# شىنجاڭ تەشۋىقاتى

# 新疆宣传

4

1992

1992 - يىللىق
4 - سان
(ئومۇمىي 49 - سان)
ئايلىق ژۇرنال

# شىنجاڭ تەشۋىقاتى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى

## بۇ ساندا

*** مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ سۆزى ***
يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش ئۈستىدە توختالدى........ (1)
*** مۇھىم ئۇچۇر ***
مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىدا ئائىت چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى........ (3)
*** ژۇرنىلىمىزنىڭ باشماقالىسى ***
يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئاكتىپلىقىمىزنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرەيلى........ (7)
*** يېقىنقى ھۆججەت ***
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى........ (14)

*** تەشۋىقات خىزمىتى ***

ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز......................جانابىل (44)

ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز....................فېڭ داجېن (87)

---

(بېشى 76 ـ بەتتە)

ھۆججىتىنىڭ روھى بويىچە ئىستايىدىل ھالدا چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

يولداشلار، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەشۋىقات تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئېنىق، مەزمۇنى مول، ۋەزىپىسى ناھايىتى مۈشكۈل. بىراق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ پايدىلىق شارائىتلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. تەشۋىقات سېپىدىكى يولداشلارنىڭ ئىشەنچىنى ئاشۇرۇپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە سېپىدىكى خىزمەتلەرنى جانلىق، نەتىجىلىك ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا چوڭ قەدەم تاشلاپ، يول ئېچىش، غەيرەتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

**مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ سۆزى**

# يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش ئۈستىدە توختالدى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىغا دائىر بىر قانچە مۇھىم مەسىلىنى چوڭقۇر مۇزاكىرە قىلدى، «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىش، نۆۋەتتىكى پايدىلىق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلەش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھى ۋە تەلىپى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇ، نۆۋەتتىكى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى، پارتىيىمىزنىڭ 14 - قۇرۇلتىيىنى ياخشى ئېچىش ئۈچۈنلا ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچى رولغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، پۈتكۈل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈنمۇ زور، چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھازىردىن باشلاپ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ۋاقىت ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئىنتايىن ئاچقۇچلۇق مەزگىل. بىز چوقۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش

توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئۇزاققىچە تەۋرەنمەسلىكىمىز كېرەك. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى راۋاجلانغان، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلانغان، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى ئاشقاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلغىلى، سوتسىيالىزمنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ۋە ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى كۈچەيتكىلى، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئامان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، دادىل ئىزدىنىپ، قەتئىي سىناق قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىشلەپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش لازىم.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ھازىرقى ئاچقۇچى خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تازا چىڭ تۇتۇشتا.

ئەڭ كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسېپىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش، راۋاجلاندۇرۇش، زورايتىش — پارتىيىمىزنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس ستراتېگىيىلىك فاڭجېنى، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيىمىز بىلەن دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر ساھەدىكى دوستلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسېپى ئىتتىپاق بولماقتا، مۇقىم بولماقتا، راۋاجلانماقتا، ۋەزىيەت ياخشى، بىرلىكسەپ خىزمىتىنىڭ يۆنىلىشى توغرا، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك.

مۇھىم ئۇچۇر

# مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىغا ئائىت چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىغا ئائىت چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدى. يىغىنغا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى جياڭزېمىن رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىجرا قىلىپ، نۆۋەتتىكى پايدىلىق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلەش كېرەك.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش پارتىيىمىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى تۈپ ۋەزىپىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە

جاشتىن - ئاخىر ئېغىشماي چىڭ تۇرۇش لازىم. بۇ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭشياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيىمىز 100 مىليونلىغان خەلقنى يېتەكلەپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئېرىشكەن ئەڭ قىممەتلىك تەجرىبە، سوتسىيالىستىك جۇڭگودا مۇشۇ ئون نەچچە يىلدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىكى تۈپ سەۋەب. پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى پۇختا ئىگىلەپ، ئۇنىڭدىن 100 يىلغىچە تەۋرەنمىگەندىلا، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، جۇڭگودىن زور ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە دادىلراق بولۇش، يېڭىلىق يارىتىشقا، تەجرىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلىش لازىم. ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. بىز سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشىمىز كېرەك. سوتسىيالىزم ياكى كاپىتالىزم ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتا، ئاساسلىقى، ئۇنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق - پايدىلىق ئەمەسلىكى، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇشقا

پايدىلىق ـ پايدىلىق ئەمەسلىكى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ـ پايدىلىق ئەمەسلىكىگە قاراش كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. كۆز يەتكەن ئىشلارنى دادىل سىناق قىلىش، دادىل بۆسۈش كېرەك. پىلانمۇ، بازارمۇ ئىقتىسادىي ۋاسىتە. بۇ ۋاسىتىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ياراتقان بارلىق مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى، هازىرقى دۇنيادىكى هەر قايسى ئەللەرنىڭ، جۈملىدىن غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىلغار ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى دادىل قوبۇل قىلىش ۋە ئەينەك قىلىش كېرەك.

هازىرقى پايدىلىق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇش، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈش سوتسىيالىزمنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. هازىردىن تارتىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىل ئاچقۇچلۇق مەزگىل. بىز ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، پەيتنى ئىگىلەپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، بىر نەچچە يىلدا بىر پەللە ئۆرلەشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. پەن ـ تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئۈچۈن پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپقا تايىنىش لازىم.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىشنىڭ ئاچقۇچى خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشتا. نۆۋەتتە

ئىسلاھات ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى ئومۇمىيلىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان زور مەسىلىلەرنى تۇتۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك ستراتېگىيىلىك ئىدىيە، سىياسەت ۋە تەشەببۇسلارنى بەلگىلەش ھەم ئەستايىدىل يولغا قويۇش لازىم. يىغىن بۇ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە ئورۇنلاشتۇردى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك شەكىللىۋازلىق ۋە بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئاساسىي كۈچىنى كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىشقا سەرپ قىلىشى كېرەك.

پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار يولداش دېڭشياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى لازىم. ئوڭچىللىقتىن ھوشيار بولۇش كېرەك، لېكىن ئاساسلىقى «سول»چىللىقتىن ساقلىنىش لازىم. ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

يىغىن پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنى يولداش جياڭزېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىلىشىنى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشتىكى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋېلىشقا چاقىردى.

# يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇمیۈزلۈك تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئاكتىپلىقىمىزنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرەيلى

## ژۇرنىلىمىزنىڭ باشماقالىسى

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ۋۇچاڭ، شېنجېن، جۇخەي ۋە شاڭخەي قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزى — ماركسىزملىق مۇھىم ئەسەر، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىدىن كېيىنكى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش توغرىسىدىكى يەنە بىر قېتىملىق ئۇلۇغ چاقىرىق. سۆزدە پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش تارىخى چوڭقۇر يەكۈنلەنگەن، بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سىرتقا ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا قارىتا ئومۇمىي پىلان تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا يېتەكچىلىك قىلىدىغان يەنە بىر پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت، ئۇ زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. سۆز

يەنە تەشۋىقات - ئىدىيىۋى خىزمەت ئۇچۇن پىكىر يولى ئېچىپ بەردى، نىشانىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات - ئىدىيىۋى خىزمەت تارماقلىرىمىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»-دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى تەشۋىق قىلىشى، ئىزچىللاشتۇرۇشى، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى شىنجاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، بولۇپمۇ نۆۋەتتىكى پايدىلىق پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، كۈچنى مەركەز-لەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈپ، تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلىشى كېرەك.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى يەتكۈزۈش ۋە ئۆگىنىشنى ئىنچىكە، ياخشى تەشكىللەش ھەمدە ئۇنى نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپە سۈپىتىدە تۇتۇش كېرەك. بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلار ۋە تەشۋىقات - ئىدىيە سېپىدىكى يولداشلار يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئەستا-يىدىل ئۆگىنىشى، سۆزنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتى، جايلارنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئەسلەپ، پەرقلەرنى تېپىپ چىقىشى كېرەك، بىزنىڭ ئىدىيىمىز ئازاد بولدىمۇ - يوق؟ خىزمىتىمىزدە يەنە «سول» چىل نەرسىلەر بارمۇ

يوق؟ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىپ ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، يۈرەكلىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، تەجرىبە قىلىشقا، بۆسۈشكە جۈرئەت قىلىپ، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش كېرەك؟ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش، يېڭى بىر بالداققا ئۆرلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىدىيىدە يېڭى بۆسۈش بولۇش، يېڭى بىر بالداق ئۆرلەش كېرەك. «سول» چىللىقنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرى ۋە قاتماللىقنى، كونىلىقنى ساقلايدىغان ئادەت كۈچلىرىنىڭ ئاسارىتىنى يېڭىپ، ئىدىيىنى ھەقىقىي تۈردە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سۆزىنىڭ روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەمدە ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۇ يىل 3 - ۋە 4 - ئايدا ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىشنى، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارلا ئۆگىنىپ قالماستىن، يەنە ئاممىغىمۇ يەتكۈزۈپ، بۇ ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتقا قاتنىشىش سىياسىي قىزغىنلىقىنى قوزغاشنى قارار قىلدى. سۆزنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش ئۈستىدە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن نۆۋەتلىك ھالدا تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە مەسىلىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش كېرەك: 1. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەردە چىڭ تۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دا چىڭ تۇرۇش. ئاساسىي لۇشيەن

100 يىلغىچە كارغا كېلىدۇ، يۈنىگدىن تەۋرىنىشكە بولمايدۇ؛ 2. ئىنقىلاب ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ، ئىسلاھاتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ، ئىسلاھات، ئىشكىنى ئېچىۋېتىشتە يۈرەكلىك بولۇش، تەجرىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك، پۇتنى كىچىك ئاياللاردەك ئىش قىلماسلىق كېرەك. كۆزى يەتكەن ئىشلاردا يۈرەكلىك تەجرىبە قىلىش، يۈرەكلىك بۆسۈش كېرەك؛ 3. پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى — ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتا. بىزنىڭ تەرەققىياتىمىز ھامان مەلۇم بىر باسقۇچتا بولىدۇ، پۇرسەتنى تۇتۇپ، سۈرئەتنى بىر نەچچە يىل تېزلىتىشىمىز، ھامان بىر نەچچە يىلدا بىر بالداق ئۆرلەشكە تىرىشىشىمىز كېرەك. ھازىر ياخشى پۇرسەت، ئىقتىسادنى تېزرەك تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك؛ 4. «كاپىتالىزم» مۇ ياكى «سوتسىيالىزم»مۇ دېگەن مەسىلىگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئۆلچىمىدە، ئاساسەن سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىقمۇ - يوق، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىقمۇ - يوق، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىقمۇ -يوق دېگەنگە قاراش كېرەك؛ 5. ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش، بىر قولدا ئىسلاھات، ئىشكىنى ئېچىۋېتىشنى تۇتۇش، بىر قولدا تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشنى تۇتۇش كېرەك. پۈتكۈل ئىسلاھات، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا، ئىزچىل تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش كېرەك؛ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا تايىنىپ سوتسىيا-

لىستىك تۈزۈمىنى قوغداش كېرەك. بۇ، ماركسىزمنىڭ تۈپ قارىشى؛ 6. توغرا سىياسىي لۇشيەن، توغرا تەشكىلىي لۇشيەننىڭ كاپالىتىگە تايىنىدۇ. ماركسىزمنى پىششىق ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش كېرەك. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتە چىڭ تۇرۇش، شەكىلۋازلىقتىن ساقلىنىش كېرەك؛ 7. سوتسىيالىزم ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن مۇقەررەر ھالدا كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. بۇ جەمئىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگەرمەس ئومۇمىي يۈزلىنىشىدۇر، لېكىن يول ئەگرى - توقاي بولىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات - ئىدىيىۋى خىزمەت تارماقلىرى يولداش دېڭشياۋپىڭنىڭ سۆزىنىڭ روھى بويىچە، ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشى، تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، سالماقنى ئاشۇرۇپ، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي خىزمەتلىرى ئارقىلىق، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى يېڭى تەرەققىياتلارنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، تەشۋىقاتىمىز ئارقىلىق، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىكى ئومۇمىي فاڭجېن، ئومۇمىي سىياسەتلىرىگە بولغان چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز، ئۇلارنى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئىستىقبالىغا قارىتا تېخىمۇ تولۇپ - تاشقان

ئىشەنچكە ئىگە قىلىشىمىز؛ تەشۋىقاتىمىز ئارقىلىق ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى دۇچ كەلگەن شارائىت ۋە پەيتنى ئېنىق تونۇتۇشىمىز كېرەك. خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئېلىمىزگە پايدىلىق، ئېلىمىز ئىچىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشنىڭ شارائىتى ھازىرلاندى. ئاپتونوم رايونىمىزمۇ ئۇچ چوڭ پەيتكە دۇچ كەلدى، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشنىڭ شارائىتى پىشىپ يېتىلدى. پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئېيتقىنىدەك پۇرسەتنى تۇتۇپ ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە بولۇپمۇ كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان تۈرلۈك «سول» چىل ئىدىيىلەرنى ۋە ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكىدىن ئىبارەت كونىلىقنى ساقلاش ئېڭى ۋە مۇتەئەسسىپلىكتىن ئىبارەت كونا كۆز قاراشلارنى تەكشۈرۈش ۋە تۈگىتىشكە يېتەكلەشكە دىققەت قىلىش كېرەك. بۇ قېتىمقى تۈگىتىشنى ھەقىقىي تۈردە ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇش جەريانىغا، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ دەرىجىسىنى زورايتىش جەريانىغا، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش جەريانىغا، غەم-ئەندىشىلەرنى تۈگىتىپ، بوپىنى تاشلاپ ئويلاشقا، سىناق قىلىشقا، بۆسۈشكە جۈرئەت قىلىدىغان ئىدىيىنى تۇرغۇزۇش جەريانىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. دېڭ شياۋپىڭنىڭ سۆزىنىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات، ئاخبارات تارماقلىرى بىر تۈركۈم باش ماقالە، ئوبزور، ئۆگىنىش

تەسىراتى ۋە نەزەرىيە ماقالىلىرىدىكى يېزىشقا ۋە ئېلان قىلىشقا كۈچ تەشكىللەپ، ئەملاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. نەزەرىيە خادىملىرى دېڭشياۋپىڭنىڭ سۆزىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىشنى چوڭقۇرلۇققا ئىگە، يۇقىرى سۈپەتلىك بولغان بىر تۈركۈم تەتقىقات نەتىجىلىرى ئارقىلىق كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ دېڭشياۋپىڭنىڭ سۆزىگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆگىنىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا يېتەكلىشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات- مەدەنىيەت خىزمەت تارماقلىرى ئىستىلىنى ياخشىلاپ، ئاممىا ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، كادىرلار ۋە ئاممىا ئۆگىنىش جەريانىدا ئەكس قىلغان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، تەشۋىقات-مەدەنىيەت خىزمىتىنى تېخىمۇ قاراتمىلىققا ۋە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىشى كېرەك. يولداش دېڭشياۋپىڭنىڭ سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئەملاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش باھار دولقۇنى مەۋج ئۇرغاندەك تومۇز بولىدۇ. بىزنىڭ ۋەزىپەمىز كىشىلەرنى توغرا يېتەكلەپ، «سۆز»نىڭ روھى ئاساسىدا ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يولداش جياڭزېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئەملاھات ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن پارتىيىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىشتىن ئىبارەت.

## يېقىنقى ھۆججەت

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى

(1992- يىل 3- ئاينىڭ 11- كۈنى)

نۆۋەتتە، بىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىمىز. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان جىددىي ۋەزىپە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم بايانلىرىغا ئەمەل قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، نۆۋەتتىكى پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت. شۇڭا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى 3- ئاينىڭ 9- كۈنىدىن 11- كۈنىگىچە دائىمىي كومىتېت كېڭەيتىلگەن يىغىنى چاقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋەزىيىتىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى بەزى

چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق، چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىپ، تۆۋەندىكى قارارنى چىقاردى.

**1. پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە يېڭى پەللىگە ئۆرلەشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.**

ئاپتونوم رايونىمىز ھازىر ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشتە غەنىمەت پۇرسەتكە ئىگە بولماقتا. يەنى خەلقئارا ۋەزىيەت بىزگە پايدىلىق، دۆلەت ئىچىدىمۇ شارائىت ھازىرلاندى، ئاسىيا - ياۋروپا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىدە قاتناش باشلاندى، نېفىت ۋە تەبىئىي گازلىقنى ئېچىشنىڭ تەرەققىياتى ئوڭۇشلۇق بولماقتا، ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەرنىڭ كەڭ بازىرى بىزگە ئېچىۋېتىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىك، سانائەت تەرەققىياتى جەھەتتە مەلۇم ئاساسقا ئىگە بولدى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە دائىر بىر قاتار سىياسەتلەرنى ئارقا - ئارقىدىن تۈزۈپ چىقتى، ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىيەت مۇقىم؛ مىللەتلەر ئىتتىپاق بولماقتا، ھەر مىللەت كادىرلىرى، خەلق ئاممىسى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى، تەرەققىي قىلىشنى جىددىي ئارزۇ قىلماقتا، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى كۈنسايىن يۇقىرى بولماقتا. ۋەزىيەت تەرەققىياتى كىشىنى ناھايىتى ئىلھاملاندۇرىدۇ.

مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئۆزىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز، ئەڭ مۇھىمى ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى بىر

قانچە يىل تىرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا 8 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يېڭى پەللىگە ئۆرلەشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇنىڭدىكى نىشان مۇنداق: 8 ـ بەش يىللىق پىلاننى ئومۇميۈزلۈك ئاشۇرۇپ ئورۇنداش، بولۇپمۇ سۇ، ئېلېكتىر، يول، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسەلەردە روشەن ياخشىلىنىش بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، نېفىت ۋە نېفىت - خىمىيە سانائىتى، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى ۋە يېمەكلىك سانائىتى بازىسى قۇرۇلۇشىدا زور ئىلگىرىلەش هاسىل قىلىش، ئالتۇن، رەڭلىك مېتال بايلىقىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈشتە يېڭى بۆسۈش هاسىل قىلىش؛ ئاپتونوم رايونىمىزنى ئېلىمىزدە قۇرۇقلۇق ئارقىلىق ئىشىكنى غەربكە ئېچىۋېتىشتىكى ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئالدىنقى ئىستىھكام قىلىپ قۇرۇپ چىقىش؛ هەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن تەڭ قەدەمدە هاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، بۇ ئارقىلىق كېيىنكى ئەسىردىكى يۈكسىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.

بىز سوتسىيالىزمدا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، زېھنىمىز كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تۇتىدىغانلا بولساق، چوقۇم هەر قانداق توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كۆرەش نىشانىمىزنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز. شۇڭا، بىز هەر قانداق ۋاقىتتا، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي

نۆۋەتتە» دىن ئىبارەت ئاساسىي لوشيەننى مەھكەم ئىگىلەپ، ئۇنىڭدا يۈز يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئىستىقبالىمىز ئۈمىدكە تولىدۇ، ئىشلىرىمىز گۈللەپ ياشنايدۇ.

**2. ئىددىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك**

ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قىسقىراق ۋاقىت ئىچىدە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشنىڭ ئاچقۇچى ئىددىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇشتا. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە قەدەمنى چوڭ تاشلاشقا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئاساسلىق ئىددىيىۋى توسالغۇ شۇكى، بىرىنچىدىن، كاپىتالىزمۇ ياكى سوتسىيالىزمۇ دېگەن مەسىلە بىلەن ھەممىشە ئۆزىمىزنى چۈشەپ قويۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە يۆنىلىشتىن چەتنەپ كېتىپ قالارمىزمىكىن دەپ ئەنسىرەش؛ ئىككىنچىدىن، بىر تەرەپلىمە ھالدا شىنجاڭنىڭ شارائىتى ئالاھىدە دېگەننى تەكىتلەپ، ھازىرقى ھالەتتىن قانائەتلىنىش، ئالدىرىماي ئىش كۆرۈش دېگەن ئىددىيە بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك؛ ئۈچىنچىدىن، تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بازارنىڭ يېتىلىشى ئاستا بولدى، تاۋار ئىگىلىكى قارىشى كۈچلۈك بولمىدى، بېكىنمىچىلىك

ئېنى ھەممىشە بىزنىڭ پىكىر يولىمىزنى ۋە جاسارىتىمىزنى بوغۇپ كەلدى.

بۇ ئىدىيەۋى توسالغۇلار گەرچە ئاساسىي ئېقىم بولمىسىمۇ، لېكىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تەلىپىگە زىت كېلىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بۇرچ تۇيغۇسىنى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ئاسانلا ئاجىزلاشتۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەھەتتىكى تەشەببۇسكارلىقى، ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقى تەسىرگە ئۇچرايدۇ، بۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، ئەمەلىي ئىشلەش روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش قىيىن بولىدۇ.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى چوڭ تاشلاش، يېڭى يول ئېچىش ئۈچۈن، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئۆزىمىزنى چۈشەپ تۇرغان بارلىق مەنىۋى كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلاپ، «سول»چىللىق ياكى ئوڭچىللىقنىڭ بولۇپمۇ «سول»چىللىقنىڭ تەسىرىنى تازىلاپ، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى بازار قارىشى، رىقابەت قارىشى، ئۈنۈم قارىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تىكلەش؛ ئويلاشقا، بۆسۈشكە، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىش قارىشىنى تىكلەش؛ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، توختىماستىن ئىلگىرىلەش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش قارىشىنى تىكلەش؛ تېز قوغلاپ يېتىشىۋېلىش، ئارقىدا

قىلىشقا تەن بەرمەسلىك، باتۇرلۇق بىلەن ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىش قارىشىنى تىكلەش؛ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ جۇملىدىن غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ھازىرقى ئىلغار ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى دادىل قوبۇل قىلىپ ۋە ئەينەك قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش قارىشىنى تىكلەش؛ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاللىق تۇرمۇشقا بالدۇرراق قەدەم قويۇشى ئۈچۈن قاتتىق ئىشلەش قارىشىنى تىكلەش لازىم. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇشقا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغانلىكى ئىشلارنى، يۈرەكلىك ھالدا سىناق قىلىشىمىز، بۆسۈپ ئۆتۈشىمىز، شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ يولىنى ئىزدىنىپ تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك.

**3. ئىسلاھاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە قويۇۋېتىش، جانلاندۇرۇش كېرەك**

ئىنقىلاب ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ، ئىسلاھاتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قويۇۋېتىش، جانلاندۇرۇشتا، ئىشنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى بوغۇپ تۇرۇۋاتقان ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن باشلاپ، ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ

ئاكتىپلىقىنى يەنىمۇ ئىشقا سېلىش كېرەك.

كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش، بولۇپمۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش لازىم. كارخانىلارنى جانلاندۇرۇشتىكى ئاچقۇچ كارخانىلارنى بازارغا يۈزلەندۈرۈشتە. بازارنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، كارخانىلاردا ئەمگەك - كادىرلار، ئىش ھەققى تەقسىماتى ۋە ئىجتىمائىي ئىستراخوۋانىيە تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، «تۆمۈر تاۋاق»، «تۆمۈر ئورۇندۇق»، «تۆمۈر ئىش ھەققى»، «داشقازان تامىقى»دىن ئىبارەت كونا مېخانىزمنى قەتئىي بۇزۇپ تاشلاپ، كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ ئالمىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىدا «بەش جەھەتتە ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش» (ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇش، مەھسۇلات باھاسىنى بېكىتىش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش، ئىچكى قىسىمدىكى تەقسىمات، ئىشچى ئىشلىتىش)، دۆلەت، ھەمكارلىق سودا كارخانىلىرىدا «تۆتنى قويۇۋېتىش» (تىجارەت، باھا، ئىشچى ئىشلىتىش، تەقسىمات)نى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ ھەمدە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا كېڭەيتىپ، كارخانىلارنى ھەقىقىي تۈردە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا - زىيانىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى چەكلەيدىغان ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

كارخانىنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى داۋاملىق يولغا قويۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلاھات ئۈستىدە كۆپ قاتلاملىق، كۆپ شەكىللىك ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ ۋە ئۇنى قوللاپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكىللىرى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى دادىل قوللىنىپ، پايدا بىلەن باجنى ئايرىۋېتىش، كارخانىنىڭ مال-مۈلكىنى ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىش، كارخانىلارنى قوشۇۋېتىش ۋە پاي چېكى تۈزۈمى قاتارلىقلارنى يولغا قويۇش لازىم. شارائىتى بار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاز ساندىكى كارخانىلاردا، «ئۈچ خىل مەبلەغ»كارخانىلىرىغىچە باشقۇرۇش شەكلىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ، «بىر زاۋۇتتا ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش»قا ياكى «تەجرىبە سېخى» قۇرۇشقا بولىدۇ. كارخانىلارنىڭ بىر خىل كەسىپنى ئاساس قىلىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇش لازىم. رايون، كەسىپ ھالقىپ، مۈلۈكچىلىك ھالقىپ بىرلىشىپ تىجارەت قىلىشقا ۋە مەبلەغ سېلىشقا، پاي قوشۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. زىچ بولغان، سىرتقا يۈزلەنگەن، كۆپ مەنبەلىك كارخانا گۇرۇھلىرىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە مۇقىم راۋاجلاندۇرۇپ، چوڭ تىپتىكى بىرلەشمە كارخانىلار ۋە كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ پىلانىنى قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا ئايرىم تۈزۈش لازىم. تەرەققىيات ئېھتىياجىغا، مەلۇم رىقابەت ئىقتىدارىغا ئىگە، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى

بولغان بەزى كارخانىلاردا سېلىنما بىلەن ھاسىلاتنى ھۆددىگە بېرىش چارىسىنى يولغا قويۇش كېرەك.

يېزىلاردىكى ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇقىملاشتۇرۇپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزىلاردىكى ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى پەيدىنپەي زورايتىش كېرەك. يېزا-بازار كارخانىلىرى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان يېزىلاردىكى 2-،3-كەسىپلەرنى قويۇۋېتىش ئارقىلىق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بازارنى يېتەكچى قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇش يولىنى كېڭەيتىش لازىم، يېزا-بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، رايونلار بويىچە ئىلگىرى سۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك ھەرىكەتلەندۈرۈش، نۇقتىلىق ھالدا بۆسۈپ ئۆتۈش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئاساسىدا، سىياسەتنى قويۇۋېتىپ، ئىگىلىكنى جانلىق باشقۇرۇپ، ئۇلارنى بازار رىقابىتى داۋامىدا تەرەققىي قىلىش، زورىيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. شارائىتى بار بەزى جايلاردا ناھىيە، يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونلىرىنى قۇرۇپ، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى كىچىك مۇھىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

شەھەر-بازارلاردىكى كوللېكتىپ كارخانىلارنى
راۋاجلاندۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن رىغبەتلەندۇرۇش كېرەك،
ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار شەھەر-بازارلاردىكى
كوللېكتىپ كارخانىلارنى ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش،
كونترول قىلىش ۋە سىياسەت جەھەتتىن باشقۇرۇشتا،
ئۇلارنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىن پەرقلەندۇرۇپ،
تېخىمۇ قويۇۋېتىپ، تېخىمۇ جانلىقراق ئىش كۆرۈپ،
ئۇلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى جەھەتتىكى
ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم. يېتەكلەش
ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئاساسىدا، يەككە ئىگىلىك
ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. بولۇپمۇ
نامرات رايون ۋە چەت-يىراق رايونلاردا، يەككە ئىگىلىك
ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام ۋە مەدەت
بېرىش كېرەك.

شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش
ئۈچۈن، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق
قوزغاپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، شەھەر-بازار-
لاردىكى كوللېكتىپ كارخانىلار، يېزا-بازار كارخانىلىرى
ۋە يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي كارخانىلارنى تەڭ يۈكسەل-
دۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «بارچە پاراخوتلار بەس-بەستە
يۈرۈش»، «ھەممە ئائىلىلەر چىراغ يېقىش» تەك ئىقتىسادىي
تەرەققىياتنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۇرۇش لازىم.

«ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا پەن-تېخنىكىغا تايىنىش،
پەن-تېخنىكىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلەن-
دۈرۈش» ستراتېگىيىلىك فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ

تۇرۇش كېرەك. تېخنىكا ئۆزلەشتۈرۈش تەرەپتىكى پەن
تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنى ئىقتىسادقا يۈزلەندۈرۈش جەريا-
نىدا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى قۇرۇلۇش تېخنىكىسى مەركىزى،
ساھە تېخنىكا ئۆزلەشتۈرۈش مەركىزى، كارخانا تېخنىكا
ئۆزلەشتۈرۈش مەركىزى قاتارلىقلارغا ئايلاندۇرۇپ، كۆپ
قىسمىنى پەن تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك
باشقۇرۇش بىر گەۋدە قىلىنغان ئىقتىسادىي ئەمەلىي
گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى تەدرىجىي ھالدا پەن-تېخنىكا
تىپىدىكى كارخانا ۋە كارخانا گۇرۇھى قىلىپ قۇرۇپ
چىقىپ، تەتقىق قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان
قىلىپ، پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنى تېزرەك ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرىگە ئايلاندۇرۇش، ئۇنى تاۋارلاشتۇرۇش ۋە كەسىپ-
لەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى قەتئىي بوشاشماي
ئېلىپ بېرىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل مەكتەپلەر
مائارىپ سۈپىتى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈ-
رۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي
خادىملارنى تەربىيىلەشكە داۋاملىق ئەھمىيەت بېرىش بىلەن
بىر ۋاقىتتا، ھەر خىل تۆۋەن ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك
قۇرۇلۇش خادىملىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ،
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تېز تەرەققىي قىلىش ئېھتىياجىغا
ئۇيغۇنلىشىشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس
ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.
ئالىي مەكتەپلەر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا
ئاساسەن، كەسىپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى تەڭشىشى

لازىم. ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەر ماھارىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ كەسپىي تېخنىكا ماھارىپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەردە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇتۇش بىلەن پەن تەتقىقاتىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشى، تېخنىكا تەرەققىياتى تىپىدىكى تەتقىقاتتا بازارنى يېتەكچى قىلىشى، تېخنىكىنى تايانچ قىلىشى، سودا، سانائەت، تېخنىكا ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن پەن - تېخنىكا كارخانىسىنى بەرپا قىلىشى لازىم.

**4 . ئۈستۈنلۈكتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك**

پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشتىكى مۇھىم ستراتېگىيىلىك تەدبىر. شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈكى ۋە بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «ئىشىكنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىش، غەربكە مايىل بولۇش» ۋە «سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكىرى قىسمىدا بىرلىشىش»، «شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش» فاڭجېنىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن داۋاملىق ئىجرا قىلىش، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، ياپونىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن بولغان سودىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، چەت ئەل مەبلىغىدىن پائال تۈردە كەڭ كۆلەمدە پايدىلىنىش، ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش، ساياھەت-

چېلىكىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان چېگرا سودىسى ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش- ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشىكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىكى مۇھىم نۇقتا. بىز «چوڭ چېگرا سودىسى»ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممە تەرەپ تەڭ كۈچ چىقىرىپ ھەمكارلىشىپ، چوڭ سودا، يەرلىك سودا، چېگرا سودىسى، چېگرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆز ئارا بازار ئېچىشى، ساياھەت قىلىپ مال سېتىۋېلىش قاتارلىق كۆپ قاناللىق، كۆپ يوللۇق ۋە كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىقتىسادىي سودا ئالاقىسىنى پائال راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. ھازىرقى 33 چېگرا ناھىيە ۋە شەھەردىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا-زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدىلەر ۋە پەن-تېخنىكا ئەمەلىي گەۋدىلىرى تەۋەلىك مۇناسىۋىتى، مۈلۈكچىلىك خاراكتېرى ۋە كۆلىمىنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەھسۇلاتلىرى، تېخنىكىسى، ئەمگەك مۇلازىمىتى ۋە قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىكى ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەرگە ئېھتىياجلىقلا بولسا، ئىمپورت-ئېكسپورت ھوقۇقى بولغان شىركەتلەر ئارقىلىق چېگرا سودىسىنى قانات يايدۇرۇپ، چېگرىنىڭ چېكى بولۇش، چېگرا سودىسىنىڭ چېكى بولماسلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پۈتكۈل ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرسە بولىدۇ.

ئىشىكنى غەربكە ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ،

چېگرا سودىسى ۋە ئىقتىسادى-تېخنىكا ھەمكارلىقىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشنىڭ ئاچقۇچى«شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش»جەھەتتە كۆپرەك ئىش قىلىشتا. شەرق بىلەن بىرلىشىش ئارقىلىق غەربكە چىقىرىشنى قوللاش، غەربكە چىقىرىش ئارقىلىق شەرق بىلەن بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار، بولۇپمۇ دېڭىز بويىدىكى رايونلارنى ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە توغرا لىنىيە بويىچە بىرلىشىشكە جەلپ قىلىپ ۋە ئۇلار بىلەن بولغان توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېكسپورت تاۋارلىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنى تېخىمۇ كۆپلەپ قۇرۇپ، ھەمدە تاۋارلارنى كۆپ خىللاشتۇرۇش، ئالىي دەرىجىلىك قىلىش تەرەپكە قاراپ راۋاجلاندۇرۇپ، «شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش»نى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش لازىم.

شىنجاڭ بايلىق تىپىدىكى ئاپتونوم رايون بولۇپ، مول يەر ئۈستى، يەر ئاستى بايلىقىغا ئىگە. سۇ، تۇپراق، نېفىت، گاز، كان مەھسۇلاتلىرى ۋە ساياھەتچىلىك قاتارلىق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بايلىقلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، «سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش»ئارقىلىق، چەت ئەللەرنىڭ ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ مەبلىغى، تېخنىكىسى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئاپتونوم رايونىمىزغا تىرىشىپ تېخىمۇ كۆپلەپ جەلپ قىلىپ، ئۇلارنى ئاپتونوم رايونىمىزنى ئورتاق ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشكە قاتناشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ

بايلىقىنى ئېچىش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم.

مەبلەغ سېلىشتىكى قاتتىق مۇھىت ۋە يۇمشاق مۇھىتنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلاش لازىم. قاتناش ۋە ئالاقە مۇئەسسەسەلىرى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى يەنىمۇ تېزلىتىش بولۇپمۇ يەر ئىشلىتىش، باجنى كېمەيتىپ پايدا ئۆتۈنۈپ بېرىش، تاشقى پېرېۋوتتىن پىرسەنت قالدۇرۇش ھەمدە خادىملارنى تەكلىپ قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭكىدىنمۇ ياخشىراق ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. چېگرا ئېغىزى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، چېگرىدىن كىرىش- چىقىش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇش، چېگرا سودىسىنى ۋەكالىتەن باشقۇرۇش ھوقۇقى، مەھسۇلاتلارنى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ تېخىمۇ ياخشىراق ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، بۇ ئارقىلىق «سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش»ۋە«شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش»نىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم.

**5. بازارلارنى زور كۈچ بىلەن ئېچىپ، تاۋار ئوبوروتىنى جانلاندۇرۇش كېرەك**

پىلاننىڭ كۆپرەك بولۇشى ياكى بازارنىڭ كۆپرەك بولۇشى سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى ئەمەس. پىلانمۇ، بازارمۇ ئىقتىسادىي ۋاسىتە. پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا بازار ئارقىلىق تەڭشەشنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەركىب، ئوبوروت يوللىرى، ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكىللىرى

كۆپ خىل، ھالقىلار ئاز بولغان ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، چوڭ ئوبوروت، چوڭ بازار، چوڭ قاتناش كۆللەنگەن ۋەزىيەتنى قەدەممۇ قەدەم شەكىللەندۇرۇش لازىم.

ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، زور كۈچ بىلەن بازار ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى بازارلارنى، نېفىتلىكنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش، ئېچىش، مۇلازىمەت بازارلىرىنى، دۆلەت ئىچىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلەرنىڭ بازارلىرىنى نۇقتىلىق ئېچىش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدا چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە-چېۋە ۋە كۆكتات، كۈندىلىك سانائەت بۇيۇملىرى قاتارلىق كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان تاۋارلارنى توپ سېتىش بازارلىرىنى پىلانلىق ھالدا راۋاجلاندۇرۇپ، نەق مال سودىسىغا تۈرتكە بولۇش، قەرەللىك مال سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوبوروتنى چۆرىدەپ، مەبلەغ، ئۇچۇر، تېخنىكا، ئىختىساس ئىگىلىرى، ئەمگەك مۇلازىمىتى قاتارلىق بازارلارنى بەرپا قىلىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش بويىچە يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەتنى ياخشىلاش لازىم.

تىجارەتنى يەنىمۇ قويۇۋېتىش لازىم. دۆلەت بۇيرۇق خاراكتېرىدىكى پىلاننى يولغا قويغان، بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ مەخسۇس تىجارەت قىلىدىغان تاۋارلاردىن باشقا ۋە توختام بويىچە سېتىۋېلىنىدىغان تاۋارلاردا دۆلەتكە توختام بويىچە سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش شەرتى ئاستىدا،

جارلىق-تاۋارلارنى قويۇۋېتىش، يېلىۋىيى قويۇۋېتىش، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى يولغا قويۇش، تىجارەتنى قويۇۋېتىش، باھانى قويۇۋېتىش كېرەك.

يەرلىك قورۇقچىلىقنى قەتئىي تۈگىتىپ، توساقلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، شىنجاڭنىڭ دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىۋېتىش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە تاۋارلارنىڭ نورمال ئوبوروتىغا چەك قويۇش مەقسىتىدە تەسىس قىلىنغان بارلىق توساق - چازىلارنى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىم. رايونلار ئارا قامال قىلىۋېلىش ۋە كەسىپ مونوپوللىقى يولغا قويۇشقا بولمايدۇ. شىنجاڭغا كىرگۈزۈلىدىغان ۋە شىنجاڭدىن سىرتقا توشۇلىدىغان ماددىي ئەشيالاردىن دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون قويۇۋەتمەسلىكىنى بەلگىلىگەن ئاز ساندىكىلىرىدىن باشقىلىرىنى بىردەك قويۇۋېتىش لازىم، قايتا يوللاپ تەستىقلاتمىسىمۇ بولىدۇ. يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىشتا نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش لازىم. قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ شىنجاڭدا كارخانا قۇرۇشىنى، سودا، «كۆزنەك» لىرى تەسىس قىلىشىنى، ئۆز ئالدىغا ياكى بىرلىشىپ تىجارەت قىلىپ سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قارشى ئېلىش كېرەك، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، تارماقلار بۇنىڭغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشى لازىم.

دۆلەت ۋە ھەمكارلىق سودىسىنىڭ ئاساسىي يولۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى، كوللېكتىپ ئىگىلىك ئىقتىسادىي

تەشكىلاتلار ۋە يەككە ئىشلەپچىقارغۇچىلار، تىجارەتچىلەر-
نىڭ ئوبوروت ساھەسىگە بىۋاسىتە كىرىشىگە زور كۈچ بىلەن
ئىلھام بېرىش لازىم. دۆلەت ۋە ھەمكارلىق سودىسى،
تاشقى سودا كارخانىلىرى ۋە سانائەت كارخانىلىرى، يېزا-
بازار كارخانىلىرى، دېھقانچىلىق ۋە پەن-تېخنىكا تارماقلىرى
مەمۇرىي رايونلار، كەسىپلەر ۋە مۈلۈكچىلىكنىڭ چەكلىمى-
سىگە ئۇچرىماي، ئۆز ئارا بىرلىشىپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى
مەنپەئەت ئورتاق گەۋدىسىنى ياكى كارخانا گۇرۇھىنى
قۇرۇشقا بولىدۇ. چەت - يىراق نامرات رايونلاردىكى
سودا پائالىيەتلىرىگە قارىتا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى
يولغا قويۇپ، باج، پايدىدىن پىرسەنت ئايرىش، تور -
نۇقتىلارنى قۇرۇش، مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى قاتارلىق
جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىش لازىم.

چوڭ قاتناشنى راۋاجلاندۇرۇپ، تاۋارنىڭ چوڭ
ئوبوروتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. دۆلەت، كوللېكتىپ،
شەخس تەڭ ئاتلىنىش، تۆمۈر يول، تاشيول، ئاۋىئاتسىيە،
سۇ يولى قاتنىشىنى بىرلىكتە تۇتۇش لازىم. «توسۇلۇپ
قالىدىغان» بەزى جايلاردا تاۋارلارنى ئارىلىقتا يۆتكەش
پونكىتلىرىنى قۇرۇش، مۇھىم تۈگۈن ھېسابلىنىدىغان
رايونلاردا ساقلاش مۇئەسسەسەلىرىنى قۇرۇش ھەمدە
توشۇشقا قوماندانلىق قىلىش، ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى
كۈچەيتىپ، توشۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، تاۋارنىڭ چوڭ
ئوبوروتى ئۈچۈن زۆرۈر شارائىت يارىتىپ بېرىپ، تاۋار
ئىگىلىكىنىڭ زور تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

## 6. دادىل سىناق قىلىپ، ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرىنى پائال قۇرۇش كېرەك

ئىقتىسادىي تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرىنى قۇرۇش ـ ئىشىكنى سىرتقى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، سىرتقى يۈزلەنگەن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى، شۇنداقلا ئىسلاھاتنى تېزلىتىش، ئومۇمىيۈزلۈك سىناق قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى. شۇڭا، ئۈرۈمچى، كۈيتۇن قاتارلىق جايلاردا بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى ئاساس قىلغان، ئىشلەپچىقىرىش، پەن ـ تېخنىكا ۋە سودا ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنى قۇرۇشقا دەرھال تۇتۇش قىلىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە ئىلغار ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى كەڭ تۈردە قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ سىناق رايونى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىغا ئايلاندۇرۇش لازىم.

ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنى بەرپا قىلىش يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش خاراكتېرىدىكى خىزمەت، مەبلەغ كىرگۈزۈش شەكلى جەھەتتە، بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىش، ھەمكارلىشىپ مەبلەغ سېلىش، ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سېلىش، پاي قوشۇپ مەبلەغ سېلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىشقا بولىدۇ. دۆلەت يول قويغان دائىرىدە، تېخىمۇ كۆپرەك ئېتىبار بېرىلىدىغان باج ئازايتىپ پايدىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش سىياسىتىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش لازىم. تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەر ئارقىلىق سۇ،

ئېلېكتر، يول، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئاساس مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ياخشى مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى تىرىشىپ يارىتىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنى جەلپ قىلىش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك. پۈتۈنلەي يېڭى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىغا تەدبىر بەلگىلەش ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تولۇق بېرىپ، ئۇلارنى ھۆكۈمەتكە ۋەكالىتەن تەرەققىيات رايونلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان قىلىش لازىم. ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرىدىكى ھەر خىل كارخانىلار ئۆز ئالدىغا ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشتا تولۇق ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرىنىڭ ئۆزجۇغلانمىسىنى كۆپەيتىش ۋە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئاپتونوم رايون تېگىشلىك مەبلەغ سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئاساس مۇئەسسەسەلەر شارائىتىنى ياخشىلىغاندىن تاشقىرى، يەنە مەلۇم مەزگىلگىچە كىرىم - چىقىمىغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش، كىرىمنى يۇقىرىغا تاپشۇرماسلىقتىن ئىبارەت مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويىدۇ.

**7. ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاپ تۆۋەنگە ھوقۇق بېرىش، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىش كېرەك**

ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاپ، تۆۋەنگە ھوقۇق بېرىپ، فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلار

ۋە فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ خىزمەت ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش ــ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىمىزنى سەمەرىگە ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ جىددىي تەلىپى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كېلەلمەيدىغان ئەنئەنىۋى باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆزگەرتىپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ماكرو جەھەتتىن ۋاسىتىلىق ھالدا تەڭشەش، تىزگىنلەش، سىياسەت ئارقىلىق يېتەكلەش ۋە كەسىپلەر بويىچە باشقۇرۇشقا يۆتكەپ، سەممىيلىك بىلەن ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن، كارخانىلار ۋە ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم.

ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش، چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش، توغرىلىنىيە بويىچە ئىقتىسادىي ئالاقە باغلاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىنى ۋە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى زورايتىش لازىم. كارخانىلارغا ھەقىقىي تۈردە ھوقۇق بېرىش كېرەك. دۆلەت بەلگىلىگەن ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن باشقۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن باشقا ئىشلارنى كارخانىلارنىڭ دادىللىق بىلەن ئىشلىشىگە قويۇپ بېرىپ، تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ھەقىقىي يوسۇندا تولۇق ئەمەلىيلەش-تۈرۈش كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلار ئاساسىي قاتلامغا قارىتا قايسى ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنىلا تەكىتلىمەستىن، بەلكى قانداق قىلغاندا نىشانىمىزنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىشى لازىم. دۆلەت

ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسىتىنى تاقىشىپ تۇرۇۋېلىپ ئىجرا قىلماي ياكى ئۆزىنىڭغا كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغان بولۇپ، ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلىپ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزگەنلەرنى قەتئىي تۈردە تەشكىلىي ئىنتىزام بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، «كىچىك ھۆكۈمەت، چوڭ مۇلازىمەت» يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، قابىل، پاك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قازىنالايدىغان ئورگان خىزمەتچىلىرى قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش لازىم، ئاپپارات ئىسلاھاتىنى نۆۋەتتە سىناق قىلىشقا تۇتۇش قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش، ئارتۇق خادىملارنى قىسقارتىش لايىھەسىنى تۈزۈشنى چىڭ تۇتۇش لازىم. ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىشتا، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭكىنى ھەمكەسىپ قىلىپ تەسىس قىلىش ھاجەتسىز. كەسپىي ئورۇنلار ۋە قىسمەن كەسىپ باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش شەرتى ئاستىدا، كادىرلار، ئىشچىلارنى تەشكىللەپ، تۈرلۈك ئەمگەك، مەسلىھەت، مۇلازىمەت گەۋدىسى قاتارلىق ئىقتىسادىي ياكى پەن - تېخنىكا گەۋدىلىرىنى قۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ھېسابات قىلىش، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇشنى يولغا قويۇشىغا، خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ دۆلەت خىزمەتچىلىك سالاھىيىتىنى ساقلاپ قېلىشىغا رۇخسەت قىلىش كېرەك. مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى تۇرمۇش، مۇلازىمەت مۇئەسسەسەلىرىنى جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈپ، مۇلازىمەت ئىشلىرىنى ئېلىپ

بېرىپ، مەلۇم مىقداردا ھەق ئېلىشقا بولىدۇ. كۆپ قىسىم كەسپىي ئورۇنلار تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق تەدرىجىي ھالدا ئۆز خىراجىتىنى ئۆزى ھەل قىلالايدىغان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

**8. ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىپ تۇرۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر خىل ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك**

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى تېزلىتىش، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ رولىغا باغلىق. ئىختىساسلىق خادىملارغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى دادىللىق بىلەن ئىشقا قويۇپ، ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ كۆپلەپ چىقىشى ئۈچۈن پائال تۈردە شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ھەر خىل ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىق روھىنى تولۇق قوزغاش لازىم.

ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ مۇۋاپىق ھالدا يۆتكىلىپ تۇرۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىختىساسلىق خادىملار رايون ۋە تارماقلارغىلا مەنسۇپ بولۇپ قېلىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش كېرەك. ھەر خىل ئىختىساسلىق خادىملارنى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىن كارخانا ئورۇنلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلارغا، رەھبەرىي ئورگانلاردىن ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارغا، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىن كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى

ئورۇنلارغا ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىغا، شەھەرلەردىن چەت - يىراق، جاپالىق جايلارغا ۋە ناھىيە، يېزىلارغا بېرىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. ھەر خىل ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى قوللىنىپ، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى ۋە دۆلەت سىرتىدىكى تېخىمۇ كۆپ ئىختىساسلىق خادىملارنى شىنجاڭغا كېلىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا قاتنىشىشقا جەلپ قىلىش كېرەك. گەۋدىلىك تۆھپىسى بارلارغا كۆپ مۇكاپات بېرىش لازىم.

ناھىيىدىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى ۋە كارخانا ئورۇنلىرى كەسپىي ئورۇنلاردىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى، باشقۇرۇش خادىملىرى ھەم كەسپىي ئارتۇقچىلىقى بار باشقا خادىملارنى ناھىيە، يېزا كارخانىلىرىنى، رايون مەھەللە كارخانىلىرىنى، كوللېكتىپ ئىگىلىك كارخانىلىرىنى ۋە خەلق باشقۇرغان پەن - تېخنىكا گەۋدىلىرىنى ھۆددىگە، ئىجارىگە ئېلىشقا، باشلامچى بولۇپ باشقۇرۇشقا ۋە قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش لازىم. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىسىلىك سالاھىيىتىنى ساقلاپ قېلىش، خىزمەت ستاژىنى ئۇلاپ ھېسابلاش كېرەك. ئۇلار نوپۇس، ئاشلىق مۇناسىۋىتىنى يۆتكىمىسە، داۋاملىق ئەسلىدىكى ئۆيىدە ئولتۇرۇۋەرسە بولىدۇ. ئىش ھەققى بىر تۇتاش تەڭشىلىدىغان چاغدا ئۇلارنىڭ ئارخىپ ئىش ھەققىنى تەڭشەشكە، ئۇلارنىڭ ھەققىنى كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە، توختام بويىچە نەقلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى ھەم باشقۇرۇش خادىملىرىنى ئۆزىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش شەرتى ئاستىدا، ناھىيە، يېزا كارخانىلىرى، رايون، مەھەللە كارخانىلىرى، كوللېكتىپ ئىگىلىك كارخانىلىرى ۋە خەلق باشقۇرغان پەن - تېخنىكا گەۋدىلىرىگە بېرىپ تېخنىكا مۇلازىمىتى پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىمۇ يۇقىرىقى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ. يۇقىرىقى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان خادىملارنىڭ ئىش ھەققىنى ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ بېكىتىپ، توختام بويىچە نەقلەشتۈرسە بولىدۇ؛ خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ ئەسلىدىكى تەمىناتى ئۆزگەرمەيدۇ.

٨. ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىش كۈتۈپ تۇرغان زىيالىي ياشلارنى ناھىيە، يېزا كارخانىلىرى، رايون، مەھەللە كارخانىلىرى، كوللېكتىپ ئىگىلىك كارخانىلىرى ۋە خەلق باشقۇرغان پەن - تېخنىكا گەۋدىلىرىگە بېرىپ خىزمەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش، ئۇلارغا تەمىنات جەھەتتە ئېتىبار بېرىش كېرەك.

٩. ئىككى قولدا تۇتۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش كېرەك

پۈتكۈل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش

داۋامىدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا باشتىن-ئاخىر بوشاشماي چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ۋە دېموك-راتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇش، ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش كېرەك. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئاممىنى پارتىيە رەھبەرلىكى قارىشىنى مۇستەھكەم تىكلەشكە، سوتسىيالىزم ئېتىقادىنى چىڭىتىشقا، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشقا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەش كېرەك. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، تىنچ ئۆزگەر-تىۋېتىشكە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك.

بىر قولدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋې-تىشنى، بىر قولدا ھەر خىل جىنايى ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشنى تۇتۇش — ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. دىكتاتۇر ئىستىلىرىنى كۈچەيتىپ، مەخسۇس ئورگانلار بىلەن ئاممىۋى خىزمەتنى زىچ بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ، ئىچكى - تاشقى دۈشمەن ئۇنسۇر-لارنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش، سىڭىپ كىرىش ۋە بۇزغۇنچى-لىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش لازىم، ھەر خىل جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش، ھەر خىل رەزىللىكلەرنى تۈگىتىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر جەھەتتىن ياخشىلاش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە

ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر مۇقىم مۇھىت بولۇشى كېرەك. مۇقىملىق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، تەرەققىي قىلدۇرۇش چەك قائىدە، ئىقتىساد تەرەققىي قىلسا، مۇقىملىق ئاندىن پۇختا ئاساسقا ئىگە بولىدۇ. بىز چوقۇم ھەر ۋاقىت كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، مۇقىملىق خىزمىتىنى باشتىن - ئاخىر بىر چوڭ ئىش سۈپىتىدە تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇزاققىچە ئامان - ئېسەن بولۇشىغا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

«ياشىسۇن مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى» دېگەن بايراقنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاق-لىقىنى، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار بىلەن يەرلىكنىڭ ئىتتىپاق-لىقىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت مۇقىم بولۇش، مىللەتلەر ئىناق ئۆتۈشتەك سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

**10. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي يوسۇندا كۈچەيتىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلى-شىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك**

پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش- ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ كادىرلار، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ماركسىزم - لېنىنىزم،

ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئاڭلىق ھالدا ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىشى كېرەك.

پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇش كېرەك. ماركسىزملىق ئىختىساس ئىگىسى قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، دېمەت، سالاھىيەت سۈرۈشتۈرۈش، يۈز خاتىرە قىلىش، ئېتىبار بېرىش قارىشىنى تۈگىتىپ، كادىرلارنى «تۆتلەشتۈرۈش» فاڭجېنى ۋە ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك بولۇش ئۆلچىمى بويىچە، كۆپ خىل يوللار بىلەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈپ خەلق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش لۇشيەنىدە چىڭ تۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە تۆھپىسى بولغانلارنى يۈرەكلىك ھالدا رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە دادىللىق بىلەن ئىشلىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ياش كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ئاساسىي قاتلامدا چېنىقىپ يېتىلگەن مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى رەھبەرلىك ئورنىغا ۋاقتىدا تاللاپ ئۆستۈرۈش كېرەك. كادىرلارنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش تۈزۈمىنى پائال يولغا قويۇپ،

ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە يۇقىرى - تۆۋەن ئوتتۇردى-
سىدا ئالماشتۇرۇش، توغرا لىنىيە بويىچە ئالماشتۇرۇش،
شۇنىڭدەك مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى بىلەن
قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار ئارا قوش
لىنىيە بويىچە ئالماشتۇرۇشنى ياخشى يولغا قويۇش كېرەك.
كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رىقابەتلى-
شىشكە ئىلھام بېرىش مېخانىزمىنى يولغا قويۇپ، ئۆستۈرۈش-
كىمۇ بولۇش، چۈشۈرۈشكىمۇ بولۇش، كىرگۈزۈشكىمۇ
بولۇش، چىقىرىشقىمۇ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك،
پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى
كۈچەيتىپ، خىيانەتچىلىك قىلغان، پارا ئالغان چىرىك
ئۇنسۇرلارنى قەتئىي جازالاپ، پاسسىپلىق، چىرىكلىكنى
تۈگىتىپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى
قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار ۋە رەھبىرىي
كادىرلار ئىستىلىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشىلاپ، شەكىلۋازلىق
ۋە بيۇروكراتلىقتىن تىرىشىپ ساقلىنىپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ،
تەتقىق قىلىپ، ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاپ، تۈرلۈك
خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، خەلق
ئاممىسى ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشى
كېرەك. ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەر، تارماقلار ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزگە بويسۇنۇپ، بۇنىڭ
ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، خىزمەتلەرنى ئىجادىي قانات
يايدۇرۇپ، ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى
ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئۆز ھەسسىسىنى
قوشۇشى كېرەك.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرۈش — تارىخ بىزگە يۈكلىگەن مۇقەددەس ۋەزىپە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىنى يولداش جياڭزېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، ھەر قايسى تەبىقە، ھەر قايسى پارتىيە — گۇرۇھلار، ھەر قايسى خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر ساھەدىكى زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، بىرنىيەت — بىرمەقسەتتە بولۇپ، ھەممەيلەننىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋېلىشقا چاقىرىدۇ!



**تەشۋىقات خىزمىتى**

# ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

جانابىل

1992- يىل 3- ئاينىڭ 6- كۈنى

يولداشلار:

ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى خىزمەت يىغىنى ئۈچ كۈن داۋام قىلدى، بۈگۈن ئاياقلىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىنىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ۋۇچاڭ، شېنجېن، جۇخەي ۋە شاڭخەي قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ئەستايىدىل يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى، مەملىكەتلىك تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 4- نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 3- ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھى ئەستايىدىل يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى، بۇلتۇرقى خىزمەتلەر ئەستايىدىل خۇلاسىلەندى، بۇ يىللىق كونكرېت ۋەزىپىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ قېتىمقى يىغىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش، روھنى ئۇرغۇتۇش يىغىنى بولدى. يىغىنىنىڭ ۋاقتى

قىسقا بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇنى مول بولدى، مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلدى، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىلدى، كۆزلەنگەن مەقسەتكە يېتىلدى. تۆۋەندە مەن بىر نەچچە پىكىرىمنى سۆزلەپ ئۆتىمەن.

**1. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەشۋىقات خىزمىتى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىنى توغرا تونۇش لازىم**

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، بۈلتۈر ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيان خەلقئارا ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش ئەڭ جىددىي بولغان بىر يىل بولدى، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ پارس قولتۇقى ئۇرۇشى، يۇگوسلاۋىيە ئىچكى ئۇرۇشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېز ئۆزگىرىپ پارچىلىنىپ كېتىشىگە ئوخشاش زور ۋەقەلەر يۈز بەردى، دۇنيا ۋەزىيىتىدە تېخىمۇ داۋالغۇش بولدى. لېكىن، جۇڭگودا بۈلتۈر «نۇر چاقناپ تۇرغان يىل» دېيىلگەن بىر يىل بولدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، غەيرەتكە كېلىپ، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشكە تىرىشىش روھى بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، پۇختا ئىشلەپ تەرەققىياتنى كۆزلەپ، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. بۈلتۈر بىز سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ كېتىشنىڭ تەسىرى، مەملىكەت ئىچىدىكى نۇرغۇن جايلاردا يۈز بەرگەن ئالاھىدە زور تەبىئىي ئاپەتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بەردۇق، خەلق

ئىگىلىكى ئۇدا راۋاجلاندى، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش
ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 6 پىرسەنتتىن
كۆپرەككە يەتتى، بۇلتۇر تارىختا يېزا ئىگىلىكىدە يۇقىرى
ھوسۇل ئالغان ئىككىنچى يىل بولدى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى
ئومۇمىيۈزلۈك ئۆرلىدى، بازار ئاۋات، تاۋارلار مول، مال
باھاسى مۇقىم بولدى، خەلق خاتىرجەم تىرىكچىلىك
قىلماقتا. دۆلىتىمىزدە سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي
مۇقىملىق بارلىققا كەلدى، ۋەزىيەت داۋاملىق ياخشى
تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا.

پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىگە ئوخشاش، ئاپتونوم
رايونىمىزنىڭ ۋەزىيىتىمۇ ياخشى. بۇلتۇر ئاپتونوم
رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە كۆپ يىللاردىن بۇيان ئاز
كۆرۈلگەن پەۋقۇلئاددە قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولدى،
سانائەت داۋاملىق تۇردە بازار كاسات بولۇش، مەھسۇلات
بېسىلىپ قېلىش، ئۇنۇم تۆۋەنلەپ كېتىشنىڭ ۋە «ئۈچ
بۇرجەك قەرز»نىڭ ئېغىر كاشىلىسىغا ئۇچرىدى، مالىيەدە
قىيىنچىلىقنىڭ ئېغىرلىشىشى، تۆمۈريول ترانسپورتىنىڭ
جىددىي بولۇشى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ناھايىتى كۆپ
قىيىنچىلىق تۇغدۇردى. سىياسىي جەھەتتە، سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى، شىنجاڭغا قوشنا
بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئارقا-ئارقىدىن
مۇستەقىل بولۇشىمۇ ئاپتونوم رايونىمىزغا مەلۇم تەسىر
كۆرسەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بۇ
قىيىنچىلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە

تەشكىلاتلىرى، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىغا يېقىندىن تايىنىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىزچىل چىڭ ئىگىلەپ، تۇسالغۇلارنى ۋە كاشىلىنى تۈگىتىپ، تۈرلۈك ئىشلاردا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىز خەلق ئىگىلىكىنى ئۇدا، مۇقىم راۋاجلاندۇرۇپ، 8- بەش يىللىق پىلاننىڭ تۇنجى يىلىدا ياخشى باشلىنىشىنى قولغا كەلتۈردۇق. بۇلتۇر پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ۋە مىللىي دارامىتى ئالدىنقى يىلىدىكىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا 11% ۋە 9.9% ئاشتى، مالىيە كىرىمى 2 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.2 پىرسەنت ئاشتى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىشقا باشلىدى. كارخانىلار ئالغان پايدا ئالدىنقى يىلىدىكىدىن 11.1% ئاشتى. بۇنىڭدىن باشقا، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار كۈچەيتىلدى، نېفىتلىكنى قېدىرىپ تەكشۈرۈشتە بىر قاتار بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىمۇ ۋەزىيەت ياخشى بولماقتا، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىشى ئارقىسىدا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۇدا 14- يىل مول ھوسۇل ئالدۇق. مۆلچەرلىنىشىچە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 672 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلىدىكىدىن 8% ئاشىدۇ، يەنە 20 مىڭ نامرات ئائىلىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل بولىدۇ. پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز

سىياسىي، ئىجتىمائىي جەھەتتە مۇقىم بولماقتا، مىللەتلەر ئىناق ئۆتمەكتە. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى كىشىلەر قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىش، ئىقتىسادنى قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش پەيدىنپەي كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە ئىرادىسىگە ئايلاندى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى ئاسانغا توختىمىدى. بۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ غەمخورلۇق قىلغانلىقى ۋە قوللىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. دەرۋەقە، بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە سېپىدىكى يولداشلارنىڭ ئاكتىپ ئىشلىگەنلىكى ۋە ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىدىن ئايرىلمايدۇ.

بۇلتۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە سېپىدىكى خىزمەتلەردە نۇرغۇن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. چوڭ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، بىر قانچە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولدى: بىرىنچىدىن، خەلققارا ۋەزىيەت تەربىيىسى پائالىيىتى ۋاقتىدا، كەڭ ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات تارماقلىرى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، كۈچ سەرپ قىلىپ خەلققارا

ۋەزىيەت تەربىيىسىنى تۇتۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن
خىزمەت قىلدى. تەشۋىقات-تەربىيە ماتېرىياللىرى ۋاقتىدا
يەتكۈزۈپ بېرىلدى، ماتېرىياللارنىڭ قاراتمىلىقى كۈچلۈك،
ئۈنۈمى ياخشى بولدى. بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۈز
بەرگەن «19- ئاۋغۇست» ۋەقەسىدىن كېيىن، ئاپتونوم
رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا
ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەزىيىتى تەربىيىسى ئاپتونوم
رايون بويىچە پىلانلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا، ئاۋۋال
پارتىيە ئىچىدە، كېيىن پارتىيە سىرتىدا پائال، پۇختا،
كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، كىشىلەر كۆڭلىنى
مۇقىملاشتۇرۇش، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش،
سوتسىيالىزم ئېتىقادىنى چىڭىتىشتا مۇھىم رول ئوينىدى.
ئىككىنچىدىن، سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە
ئىدىيىۋى تەربىيە چىڭ تۇتۇلدى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا
ئاساسلىقى «سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى بىر قانچە
مەسىلىنى ئۆگىنىش تېزىسى»نى ئۆگىنىش تۇتۇلدى.
كېيىنكى يېرىم يىلدا نۇقتىلىق قىلىپ، باش شۇجى
جياڭ زېمىننىڭ «1- ئىيۇل»دىكى مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش
تۇتۇلۇپ، ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش
يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى كادىرلارنىڭ
نەزەرىيە ئۆگىنىشىدىكى ئالاھىدىلىك شۇكى، كادىرلارنىڭ
نەزەرىيە ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئومۇميۈزلۈك ھالدا خېلى
يۇقىرى، ئاڭلىقلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك بولدى ھەمدە
نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت
بېرىلىپ، روشەن ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، كادىرلارنىڭ

تەجرىبە ئۆگىنىشى چىڭ تۇتۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە، كارخانىلاردا ئېلىپ بېرىلغان پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى تەربىيىسى، پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى ۋە پارتىيىگە دائىر بىلىملەر تەربىيىسى ھەممە شەھەر يېزىلارنى قاپلىغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىدىمۇ خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئۈچىنچىدىن، پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەشۋىق قىلىش، خاتىرىلەش پائالىيىتى جانلىق قانات يايدۇرۇلدى، بۇ پارتىيىنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە كىشىلەر قەلبىنى تەلپۈندۈرۈش رولىنى ئوينىدى. تۆتىنچىدىن، ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەش تۇتۇلۇپ، ئاساسلىقى «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنىڭ ئېغىر سىياسىي خاتالىقى تەنقىد قىلىنىدى. ئۈچ كىتابنى تەنقىد قىلىشتا، پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويۇش، قائىدە سۆزلەش، كىشىلەرنى قائىدە ئارقىلىق قايىل قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، كەڭ ئاممىغا ئىجابىي تەربىيە بېرىش ئاساس قىلىندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇمۇ بىر قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلغان ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، تارىخ قارىشى توغرىسىدىكى ئىدىيىۋى تەربىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابتا مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ

ئاساسلىق ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرى مەركەزلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۈچ كىتابنى تەنقىد قىلىشنى تۇتۇشنى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەسىلىنى تۇتقانلىق دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بەشىنچىدىن، تەشۋىقات قوشۇنىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى ۋە باشقىلار. قىسقىسى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بۇلتۇر پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتى تارماقلىرى پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىشلىرى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك، لېكىن ئۇنى بەك يۇقىرى مۆلچەرلىۋېتىشكە بولمايدۇ. شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، خىزمەتلىرىمىزدە يەنە يېتەرسىزلىكلەر بار. نەزەرىيە تەتقىقاتى، مەدەنىيەت ـ سەنئەت، ئاخبارات ـ نەشرىيات، ئىچكى ـ تاشقى تەشۋىقات قاتارلىق خىزمەتلەر بەزىدە يەنىلا ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا تولۇق ئۇيغۇنلىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتا ئوخشاش چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەردە بەزى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنىڭ

چوڭقۇر قاتلىمىدىكى مەسىلىلەر تېخى تولۇق ھەل قىلىنمىدى. قىلىدىغان ئىشلىرىمىز تېخى ناھايىتى كۆپ. تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتى تارماقلىرىدا مەيلى ئىدىيىۋى ئىستىل ۋە خىزمەت ئىستىلى جەھەتتە بولسۇن، ياكى قوشۇن قۇرۇلۇشى جەھەتتە بولسۇن، يەنىلا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئىدىيىنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، ئىستىلنى ئۆزگەرتىپ خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى تىرىشىپ تۈگىتىپ، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى داۋاملىق قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئومۇميۈزلۈك تەشۋىق قىلىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىلىشى ئۈچۈن ئوبدان جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىشتىن ئىبارەت.

**2 . پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا تەشۋىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم**

بۇ يىللىق تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى، فاڭجېنى ۋە مۇھىم نۇقتىسى مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى تارقاتقان «خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى» دا ئورۇنلاش-

تۇرۇلدى ۋە بەلگىلەندى، بولۇپمۇ يولداش لى رۇيخۇەن مەملىكەتلىك تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، بۇ مەسىلىنى ناھايىتى چوڭقۇر ۋە ئېنىق سۆزلەپ ئۆتتى. بىز ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك. يولداش فېڭ داجېن بۆلتۈرقى خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەپ ئۆتتى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بۇ يىللىق تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى، مەن ئۇنىڭغا تامامەن قوشۇلىمەن، مەن يەنە بىر قانچە مەسىلىنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەن.

1) پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەندە، جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئېلىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دېن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىش، قەتئىي ھالدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ تەشەببۇس قىلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك دېگەن ئەڭ توپ يەكۈننى چىقارغىلى بولىدۇ. بىر مەركەز دېگىنىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. سوتسىيا-

لىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ماددىي ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي، مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى تىرىشىپ قاندۇرۇشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تولۇق راۋاجلىنىشى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بەرگەنلىكى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى كاپىتالىزمنىڭكىدىنمۇ تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇۋاتقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى ئاساسىي زىددىيەت بەلگىلىگەن، ئۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋە ئورتاق ئارزۇسىغا ئۇيغۇن. ئىگىلىكنى بىر قەدەر تېز سۈرئەتتە يۈكسەلدۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى ئاشۇرۇلسا، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلسە، ئاندىن كەڭ ئاممىنىڭ سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقادى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ. ئاندىن بىز تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرالايمىز، باشقا تۈرلۈك مەسىلىلەرنىمۇ بىر قەدەر ئوبدان ھەل قىلالايمىز. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بۇ مەركەزگە بويسۇندۇرۇش ۋە خىزمەت قىلدۇرۇش، يەنە كېلىپ ئاڭلىق ھالدا بويسۇندۇرۇش ۋە خىزمەت قىلدۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇ مەركەزدىن چەتنەپ كېتىشكە ۋە ئۇنىڭغا كاشىلا سېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

ئىقتىسادي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئىقتىسادي خىزمەتنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېقىندا چوڭقۇر ھەم ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىنقىلاب ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ، ئىسلاھاتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئاساسىي تۈزۈم ئورنىتىلغاندىن كېيىنمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغىدىغان ئىقتىسادي تۈزۈلمىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، ھاياتي كۈچكە تولۇپ- تاشقان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادي تۈزۈلمىنى ئورنىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، بۇ ئىسلاھات، دېمەك، ئىسلاھاتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ. ئىلگىرى سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشلا تىلغا ئېلىنىپ، يەنە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش لازىملىقى تىلغا ئېلىنمىغان ئىدى، بۇ مۇكەممەل بولمىغان. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ھەر ئىككىسىنى تىلغا ئېلىش لازىم. ئىقتىسادي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. نۆۋەتتە، پارتىيە مەركىزي كومىتېتى ۋەزىيەتنى پەملەپ،

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلىتىشنى گەۋدىلىك ھالدا تەكىتلىدى. بۇ دەل ۋاقىتتا بولدى، ئۇ تامامەن توغرا. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئۈچ يىللىق تۈزەش، ياخشىلاش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىلىپ بولدى. ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى بەزى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ داۋاملىق تۈردە ياخشى تەرەپكە قاراپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك؛ ھازىر، دۆلىتىمىز سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە مۇقىم بولۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش جەھەتتە مۇھىت ۋە شارائىتقا ئىگە بولدى؛ كىشىلەرنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى چۈشىنىش ۋە كۆتۈرۈش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئاشتى؛ ئون نەچچە يىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئارقىلىق، بىر مۇنچە تەجرىبىلەرنى توپلىدۇق، بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتۇق؛ خەلقئارا ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرغان، شەرقىي ياۋروپادا جىددىي ئۆزگىرىش بولغان، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ كەتكەن، ئەتراپىمىزدىكى بەزى دۆلەتلەر ۋە رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىزنىڭكىدىن تېز بولۇۋاتقان ۋەزىيەتتە، بىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىپ،

دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇشىمىز، بىز ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىكى گۇمان- ئەندىشىلەرنى تۈگىتىپ، ئىشەنچنى مۇستەھكەملەپ، مىللىي روھنى ئۇرغۇتىشىمىز جىددىي زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئېڭىنى كۈچەيتىش، بېكىنمىچىلىك قىلىپ كونىلىققا يېپىشىۋېلىش قارىشىنى تۈگىتىش كېرەك. بۇ ئەڭ مۇھىم. بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇشى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشى كەڭ ئامما ۋە كادىرلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېقىندا ئېيتقاندەك: «ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە دادىلراق بولۇش، سىناق قىلىشقا جۈرئەت قىلىش لازىم، كىچىك پۇتلۇق ئاياللاردەك ئىش قىلماسلىق كېرەك. كۆز يەتكەن ئىشلاردا دادىللىق بىلەن سىناق قىلىش، دادىللىق بىلەن بۆسۈش لازىم، بىر ئاز بۆسۈش روھى بولمىسا، بىر ئاز «تەۋەككۈل قىلىش» روھى بولمىسا ياخشى يول تاپقىلى، يېڭى يول تاپقىلى بولمايدۇ، يېڭى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ.» بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ سۆزىنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپ، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، جاسارەت بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى خىزمەت ئىستىلى، خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاش

بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم. ئىككىنچىدىن، مۇقىملىق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىش ۋە ھەل قىلىش لازىم. شىنجاڭ چېگرىدا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى، بەزى يولداشلار ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمى تېزلىتىلسە مۇقىملىققا تەسىر يېتىپ قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىشى مۇمكىن. شەك-شۈبھىسىزكى، بىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە دۆلەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا تايىنىمىز، مۇقىملىقنى تۇتۇشىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى ئىجتىمائىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. لېكىن مۇقىملاشتۇرۇش دېگەنلىك توختىتىپ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس، ئەگەر توختاپ قېلىپ ئالغا باسمىغاندا، تۈگىتىشكە تېگىشلىك ئىللەتلەرنى دادىل تۈگەتمىگەندە، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك زىددىيەتلەرنى دادىللىق بىلەن ھەل قىلمىغاندا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە باشقا جەھەتتىكى تەرەققىياتلار ئېغىر توسالغۇغا ئۇچرايدۇ، ئاخىرى بېرىپ يەنىلا ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر يېتىدۇ. بىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش بىلەن مۇقىملىقنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇپ ۋە ھەل قىلىپ، مۇقىملىق شەرتى ئاستىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى نەتىجىلىرى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ

تېخىمۇ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇچىنچىدىن، تارماق، ساھەلەر ئوتتۇرىسىدىكى چەكنى بۇزۇپ تاشلاش كېرەك. كىچىك قائىدىدىنى چوڭ قائىدىگە بويسۇندۇرۇش، تارماقنىڭ مەنپەئىتىنى، قىسمەن مەنپەئەتنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت ئومۇمىي مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇش لازىم. ئەگەر ئېغىر ھالدا ساقلىنىپ كەلگەن پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئورۇنلاشتۇرۇشقا پىسەنت قىلماي، ھە دېسىلا تارماق، ساھەنىڭ مەنپەئىتى بىلەنلا ھېسابلىشىپ، ئۆزئارا تۇساق قۇرىدىغان، ئۆزئارا تالاش-تارتىش قىلىدىغان ئەھۋاللارنى ھەقىقىي تۈردە ئۆزگەرتىش لازىم. مېنىڭچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى جايلار، تارماقلار، ساھەلەر ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئۈچ جەھەتتە ھەقىقىي تۈردە زور بۆسۈش ھاسىل قىلىدىغان ۋە بۇرۇلۇش ياسايدىغانلا بولسا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشلەپچىقىرىشىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك قەدەم تاشلىنىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكى، جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈكى بىر قەدەر تېز، رېئاللىق ھالدا رېئال ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلىنىدۇ.

بىز سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش — دۆلىتىمىزنىڭ پۈت تىرەپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا ئۇ ئەڭ تۈپ

سىياسىي كاپالەت. شۇڭا پارتىيىمىز ئۇنى بىر ئاساسىي نۇقتا سۈپىتىدە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە كىرگۈزگەن. تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش بىلەن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي نۇقتىنىڭ نىشانى بىردەك، بۇ ئىككىسى بىر بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر بىرىنى تولۇقلايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىگە ئەھمىيەت بېرىپ بىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى دەپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى ئىنكار قىلىش ياكى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى دەپ، تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى ئىنكار قىلىشنىڭ ھەممىسى بىر تەرەپلىمىلىك، ئۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ئورگانىك باغلىنىشقا ئىگە، ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە، ئۇنى بىر تەرەپلىمە ھالدا چۈشىنىۋالماي، خالىغانچە كۆپەيتىۋەتمەي ياكى ئازايتىۋەتمەي، ئۇنىڭ ئىچكى دىئالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋىتىنى چىڭ ئىگىلەپ، ئەتراپلىق ھەم توغرا ئىجرا قىلىش لازىم.

2) ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نۇقتىئىنەزەرىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئىقتىسادقا دائىر تەشۋىقاتنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش ۋە ئوبدان ئېلىپ بېرىش لازىم. تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتى سېپىدىكى كادىرلار ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى

ئۇستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ نىشانى، مۇھىم نۇقتىسى ۋە يولىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى لازىم. بىز مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى، پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 8 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 3 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مېخانىزمنى يېڭىلاش ئارقىلىق چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ جانلاندۇرۇش؛ يېزىلاردا يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساس بولۇش ئورنىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە يېزا - بازار كارخانىلىرى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان 2 -، 3 - كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش؛ جۇغراپىيىلىك ۋە ئېتنوگرافىك ئۈستۈنلۈكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، چېگرا سودىسىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قانات يايدۇرۇش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ نېفىتلىكنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش، ئېچىش ئىشلىرىنىڭ تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، نېفىتلىك ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەتلەر، ئوبلاستلار، شەھەرلەر، ناھىيىلەر ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى يېتەكلەشتىن ئىبارەت تۆت جەھەتتىكى بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۈرتكە بولۇش لازىم؛ پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دەيدىغان نۇقتىئىنەزەرنى زور

كۆچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى پەن-
تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ
ساپاسىنى ئۆستۈرۈش يولىغا سېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش
لازىم. كۆپ خىل تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ،
كۆپ خىل تەشۋىقات شەكىللىرىنى قوللىنىپ، ئىقتىسادنى
يەكدىللىك بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ھاۋاسىنى تېخىمۇ
قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن ياردەم
بېرىش ۋە غەيرەت بىلەن ئىشلەش لازىم. تەشۋىقات
خىزمىتىدە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىنى
ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىش
ئۈچۈن، بىۋاسىتە مۇلازىمەتنى يولغا قويۇپلا قالماي،
بەلكى ۋاسىتىلىك، كۆپ قاتلاملىق مۇلازىمەتنى تېخىمۇ
ياخشى يولغا قويۇش لازىم. تەشۋىقات خىزمىتىدە، سىياسىي
مۇقىملىق، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش،
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ساغلام، مۇقىم راۋاجلىنىشىنى
كاپالەتكە ئىگە قىلىش؛ مەۋقەنى ئادەمنىڭ سىياسىي-
ئىدىيىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە قويۇپ، كىشىلەرنىڭ
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش تەلىپىگە
ماس كېلىدىغان ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزەرنى تۇرغۇزۇپ،
دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخستىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ
مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆز كۈچىگە
تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش
قىلىش ۋە خالىسانە تۆھپە يارىتىش روھىنى جارى
قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىش ۋە كىشىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ھەم
ئەمگەك، ئىجادچانلىق قىزغىنلىقىنى ئىشقا سېلىش لازىم.

3) ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش توغرىسىدىكى باش فاڭجېنى، باش سىياسىتىگە بولغان چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا تولۇق ئىشەنچ باغلايدىغان قىلىش لازىم. تېمىلارنى تۇرغۇزۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا خۇلاسىلەپ ۋە كېڭەيتىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، يېڭى ئەھۋاللارنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن پائال تۈردە مۇھاكىمە قىلىش، يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە يۈرەكلىك ھالدا ئىزدىنىش، باتۇرلۇق بىلەن يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەش، شۇ ئارقىلىق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا يېتەكلەش لازىم.

4) ماركسىزملىق نەزەرىيە خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. ماركسىزملىق نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇش — پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قازىنىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. بولۇپمۇ ھازىر خەلقئارا ۋەزىيەت مۇرەككەپ بولۇۋاتقان ئەھۋالدا،

دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستىنى
پەرق ئېتىش ۋە بىتچىت قىلىش ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى،
كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ
ئىدىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئىدىيە جەھەتتە تىنچ
ئۆزگەرتىۋېتىشتىن ساقلىنىشنىڭ پولات ئىستىھكامىنى
قۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى
ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋە يولداش
دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرى-
سىدىكى نەزەرىيىسىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-
سىنىڭ تارىخىي ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىنى
ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، كەڭ كادىرلارنى
ماركسىزم بىلەن ماركسىزمغا قارشى نەرسىلەرنىڭ، سوتسى-
يالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ، ئىلمىي سوتسىيالىزم بىلەن
دېموكراتىك سوتسىيالىزمنىڭ، ماركسىزملىق پارتىيە
بىلەن ئاغمىچى پارتىيىنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىۋېلىش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە
قارشى تۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش لازىم. كەڭ
كادىرلار، ئاممىدا، قاتلام بويىچە، تۆت ئاساسىي
پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە
قارشى تۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋە
تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە
ئېلىپ بېرىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان
جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە-
مىزنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت
ئاساسىي لۇشيەنىنى ئارقىلىق ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش،

ئىشەنچنى چىڭىتىش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، روھنى
ئۇرغۇتۇش لازىم. ئىجتىمائىي پەن جەھەتتىكى نەزەرىيە
تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، ماركسىزم نەزەرىيىسى بويىچە
ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش لازىم.

5) مەركەز چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ
روھىنى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ،
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى -
تەرەققىياتى ئىشلىرىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشىمىز
كېرەك. بۇ يىل 1- ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى،
گوۋۇيۈەن بىرلىكتە چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى
ئىنتايىن مۇھىم يىغىن. بۇ يىغىننىڭ چاقىرىلىشى پارتىيە-
مىزنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ
پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى باشلاپ بەرگەن
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىنى قەتئىي
تەۋرەنمەي ئىلگىرى سۈرۈش ئىرادىسىنى تولۇق گەۋدىلەن-
دۈرۈپ بەردى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت-
لەرگە ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى ھەر مىللەت
خەلقىگە بولغان ئىنتايىن زور غەمخورلۇقىنى تولۇق
گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. بۇ يىغىننىڭ روھىنى ئوبدان
تەشۋىق قىلىش ۋە ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش بىزنىڭ
بۇنىڭدىن كېيىنكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ،
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاق-
لىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر
مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، سوتسىيالىستىك
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككىنچى قەدىمىدىكى

ستراتېگىيىلىك نىشانىنى يەكدىللىك بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم رولغا ئىگە. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا بۇ يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل يەتكۈزۈشنى، شەھەر - بازارلار، ئىدارىلەر ۋە مەكتەپلەردە بۇ يىغىننىڭ ئاساسلىق ھۆججەتلىرىنى كادىرلار ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ بۇ يىللىقى سىياسىي ئۆگىنىشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشنى؛ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سوتسىيالىستىك ئىدىيەۋى تەربىيىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا ۋە دېھقان - چارۋىچىلارغا سۆزلەپ چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يەنە بۇ يىغىننىڭ روھىنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يىل تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئەستايىدىل تەييارلىق كۆرۈش ئاساسىدا، ئىككى يىغىننى ئوبدان ئېچىشنى، يەنى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى بىلەن ئۈچىنچى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنى ئوبدان ئېچىشنى قارار قىلدى. مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا ئاساسلىقى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن مىللەتلەر خىزمىتىنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى سىياسەت ۋە تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئۈچىنچى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا ئاساسلىقى بەش يىلدىن بۇيانقى

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلىنىدۇ. بۇ يىغىنلارنى ئېچىش ئارقىلىق، ساغلام مىللىي كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ تېز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

مەركەز چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەشۋىقات، ئىدىيە سېپىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپە. داۋاملىق تۈردە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە ـ خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇنلار ۋە ئىلغار شەخسلەرنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش؛ بۇ يىل 5 ـ ئايدىكى 10 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك. يەتكۈزۈش، ئۆگىنىش ۋە تەربىيە ئارقىلىق، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىدا «ئىككى ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسى»نى يەنىمۇ

ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۇرغۇزۇپ، باراۋەرلىك ـ ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئىتتىپاقلىق ـ ھەمكارلىق، ئورتاق گۈللىنىشتەك سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بولۇپمۇ تۆۋەندىكى بىر نەچچە مەسىلىدە كەڭ كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش، ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك: مىللەتلەر خىزمىتىدىكى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە ئاساسىي تەجرىبىلەرنى ئېنىق تونۇش؛ مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەت-لىكلىكى، مۇرەككەپلىكى، مۇھىملىقىنى ئېنىق تونۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش؛ 90- يىللاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ بەش چوڭ ۋەزىپىسىنى ئېنىق تونۇش؛ مىللىي مەسىلىنى كۆزىتىش ۋە ھەل قىلىشتىكى ماركسىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە خاس ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر ۋە سىياسەتنى بىلىپ ۋە ئىگىلەپ، مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەر-لىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش.

6) «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىشلىرىنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش كېرەك. تەشۋىقات، مەدەنىيەت تارماقلىرى تەرتىپكە سېلىشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجادىيەتنى گۈللەن-

دۇرۇشنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ تۇتۇشى كېرەك. يېقىندا، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى بىر ئۇقتۇرۇشىدا تەشۋىقات، مەدەنىيەت سېستىمىسىدىكى كادىرلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىگە قاتناشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. مېنىڭچە، بۇ ناھايىتى مۇھىم. بۇ يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، ئورگان ئىستىلىنى ياخشىلاش، كادىرلارنى چېنىقتۇرۇش، تەربىيىلەشنىڭمۇ ئېھتىياجى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە پارتىيىنىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت سېپىدىكى كادىرلىرىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈشى، ئامما بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇشىدىكى بىر مۇھىم تەدبىر. بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز، سەنئەتكارلىرىمىز ۋە ئىدىيە، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى خادىملىرىمىز ئامما ئارىسىغا، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بىپايان زېمىندىن ئوزۇق ئېلىپ، ئۆزىنى قوراللاندۇرغاندىلا، ئاندىن دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك ئەسەرلەرنى يارىتالايدۇ. ھازىر بەزى يولداشلار جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار ئاساسىي تېمىغا قىزىقمايۋاتىدۇ. روشەنكى بۇ خاتا. ئەدەبىيات - سەنئەتنى سوتسىيالىزم ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىش مەسىلىسى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە

ھەم كۆپ خىل بولۇشنى تەشەببۇس قىلىشىمىز، ھەم سوتسىيا-
لىستىك دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئاساسىي
مېلودىيىدە تېخىمۇ چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن،
تارىخىي شەخسلەر ۋە تارىخىي ۋەقەلىكلەر تېما قىلىنغان
ئەسەرلەردە، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش
پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي
لۇشيەنىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا پايدىلىق قىلىشىمىز،
سان جەھەتتىن كۆپ قىلىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. مىللىي
مەسىلە ۋە دىنىي مەسىلىگە چېتىلىدىغان ئەسەرلەردە
چوقۇم ئېھتىياتچان بولۇشىمىز، ئۇنى جەمئىيەتنىڭ
مۇقىملىقىغا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى
ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق قىلىشىمىز كېرەك.
ئاخبارات خىزمىتىدە پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىغا ئەمەل
قىلىپ، توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىمىز
كېرەك. ھەر قايسى سەپتىكى قەھرىمان نەمۇنىچىلارنى ۋە
ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق
قىلىشىمىز كېرەك. چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى
ياخشى يولغا قويغان ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ
ئونىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتكەن بىر
تۈركۈم ياخشى تىپلارنى تەشۋىق قىلىشىمىز كېرەك،
نەشرىيات خىزمىتىدە قۇرۇلمىنى يەنىمۇ تەڭشەپ، تېمىلارنى
سەرخىللاشتۇرۇپ، تۈرىنى ئازايتىپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈ-
شىمىز كېرەك. ساغلام، مەدەنىيەتلىك، ئىجابىي بولغان،
ئالغا ئىنتىلدۈرىدىغان بىر تۈركۈم كىتاب - ژۇرنال ۋە
ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ بۇيۇملىرىنى نەشىر قىلىشنى

قولىشىمىز ۋە ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. نەزەرىيە
ئەدەبىيات - سەنئەت، ئاخبارات ۋە نەشرىيات سېپى بازىنى
قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىشنى ۋە ئىدىيە، ئىستىل قۇرۇلۇ-
شىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تۇتۇپ، سوتسىيالىستىك
تەشۋىقات ئىدىيە بازىسىنى مۇستەهكەملىشى كېرەك.

7) دېهقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سوتسى-
يالىستىك ئىدىيەۋى تەربىيە خىزمىتىنى داۋاملىق تۈردە
ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك. دېهقانچىلىق،
چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سوتسىيالىستىك تەربىيىدە
ئىدىيەۋى تەربىيە ئاساس قىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا ئىدىيەۋى
تەربىيىنى باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ كەڭ
دېهقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي ئېڭىنى
تۈپ ئاساستىن ئۆستۈرۈش، دېهقانچىلىق، چارۋىچىلىق
رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇهىم
قەدەم. بىز بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنى چوڭ بىر ئىش
سۈپىتىدە تۇتۇشىمىز كېرەك. بىز ئىدىيەۋى تەربىيىدە
ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەهمىيەت بېرىشىمىز، شەكلۋازلىققا
قارشى تۇرۇشىمىز، دېهقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلى-
رىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، قاراتمىلىقى
كۈچلۈك، قايىل قىلىش، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە،
جانلىق - تېتىك، ئاممىا ياقتۇرىدىغان بولۇشنى تىرىشىپ
ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. سوتسىيالىستىك ئىدىيەۋى
تەربىيە ئارقىلىق يېزىلاردىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىلىرى
قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىر تۈركۈم يېزا تەشۋىقات،
مەدەنىيەت تايانچلىرى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ ۋە

تەشكىللەپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى زور كۈچ بىلەن جانلاندۇرۇشىمىز كېرەك. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئىدىيەۋى تەربىيىدە ئۇرغۇپ چىققان ئاكتىپلىقىنى جېيىش يولىنى ئېچىش، كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى زورايتىش جەھەتكە يېتەكلىشىمىز كېرەك. سوتسىيالىستىك ئىدىيەۋى تەربىيىنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىلا ئېلىپ بېرىپ قالماستىن، شەھەرلەردىمۇ قانات يايدۇرۇشىمىز، تۇرلۇك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

8) ئاممىۋى خاراكتېرلىك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پائالىيىتىنى داۋاملىق تېزدە زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 16 شەھەردە قانات يايدۇرۇلغان «ئۈچتە ياخشى بولۇش، بىردىن ئۆگىنىش»، مەدەنىيەتلىك شەھەر بەرپا قىلىش مۇسابىقىسى پائالىيىتى، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر-يېزىلاردا قانات يايدۇرۇلغان مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش، ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە بەرپا قىلىش قاتارلىق ئاممىۋى خاراكتېرلىك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پائالىيىتى كۆپ يىللاردىن بېرى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇ پائالىيەتلەر جايلاردىكى پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ۋە ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى، ئۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. بۇ پائالىيەتلەرنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇشىمىز ھەمدە تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز

يەكۈنلىشىمىز، خىزمەتلەرنى ياخشىلىشىمىز، بۇ پائالىيەت-
لەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىنى بېيىتىشىمىز، ئەمەلىي
ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ئاممىۋى
خاراكتېرلىك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشى پائالىيىتىدە مەۋقەنى كىشىلەرنىڭ ئىككى
جەمئىيەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى
ياخشىلاشقا قويۇشىمىز لازىم. نۆۋەتتە، ناچار ئۆرپ -
ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى، فېئودالىزمنىڭ قالدۇق ئىدىيەسى
ۋە كاپىتالىزمنىڭ چىرىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ۋە
چىرىتىشىگە تاقابىل تۇرۇشنى، جەمئىيەتتە ئاللىقاچان
تۈگىتىلگەن رەزىللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يامراپ
كېتىشىنى توسۇشنى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەممە
جەھەتتىن ياخشىلاپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىناق -
ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش
ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى ئالاھىدە تەكىتلىشىمىز كېرەك. تاشقى
تەشۋىقات، پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى، قانۇن -
ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى، دۆلەت
مۇداپىئەسى تەربىيىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى
ئىنتايىن مۇھىم، ئۇلارنى يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلاشتۇرۇپ،
يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك.

### 3. ئىستىلنى ياخشىلاپ، خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك

ئىستىلنى ياخشىلاش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش، شەكىلۋازلىقتىن قاتتىق ساقلىنىشنى مەركەزدىكى رەھبەرىي يولداشلار يېقىندا بىر مەزگىلدىن بۇيان قايتا-

قايتا تەكىتلىدى. بۇنىڭغا ھەر ساھەدە، ھەر كەسىپتىكىلەر جۇملىدىن بىزنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە سېپىمىزدىكى تارماقلار، ئورۇنلار يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى ھەم ئۇنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئىجرا قىلىشى لازىم. بۇ يىلقى تەشۋىقات - ئىدىيەۋى خىزمەتنىڭ ۋەزىپىسى، فاڭجېنى ناھايىتى ئېنىق. ھازىرقى ئاچقۇچلۇق مەسىلە ئىستىلنى ياخشىلاش، بىر تۇتاش پىلانلاش، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

تەشۋىقات،ئىدىيە سېپىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، بەزى يولداشلارنىڭ يۇقىرىدا لەيلەپ يۈرۈش، تەجرىبىسىگىلا تايىنىپ ئىش كۆرۈش ۋە ئادەتتىكىچە چاقىرىق قىلىپ قويۇش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قېلىش ئىستىلىنى ئۆزگەرتىش، ھەر يىلى مەلۇم ۋاقىت ئاجرىتىپ ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش، نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرنى ئۆزى بىۋاسىتە تۇتۇش، مەخسۇس مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشنى تۇتۇش، نۇقتىلىق ئىجادىيەتنى تۇتۇش، تىپىك تەجرىبىلەرنى تۇتۇش كېرەك. ئىستىلنى ياخشىلاش قۇرۇق گەپ ئەمەس، شۇنداقلا ئۇ بىرىنىڭ كېيىنى يەنە بىرى ئاڭلاشتۇ ئەمەس، بەلكى بىرىنىڭ ئىشلىگىنىنى يەنە بىرىگە كۆرسىتىش، ھەقىقىي تۇتۇش، ئەمەلىي ئىشلەش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت.

ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات تارماقلىرى ئاساسىي

قاتلامغا يۈزلىنىش، ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئىستىلىنى ياخشىلاپ، ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ئامىمىنىڭ كەيپىياتى ۋە ئىدىيەۋى ھالىتىنى توغرا ئىگىلەش، جەمئىيەت ئەھۋالىغا دائىر ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈش، تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنى تىرىشىپ رېئاللىققا ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ئەمەلىيىتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، قارىتىملىقىنى كۈچەيتىش، قايىل قىلىش كۈچى، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ۋە جەلپكارلىق كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا يەكۈنلەش، يېڭى ۋەزىيەتتە تەشۋىقات - ئىدىيەۋى خىزمەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا دائىر يېڭى ئۇسۇللار ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تەشۋىقات خىزمىتىنى تېخىمۇ جانلىق ۋە تەسىرلىك ئىشلەش لازىم.

ئىستىلنى ياخشىلاش، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە تەشۋىقات كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى ئاساسىي قۇرۇلۇش سۈپىتىدە تۇتۇش لازىم. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا تەشۋىقات قوشۇنىمىز ياخشى قوشۇن، لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، قوشۇنىمىز ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخى تولۇق ئۇيغۇنلىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سىياسىي ساپاسى، نەزەرىيە ساپاسى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆستۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. قوشۇن قۇرۇلۇشىدا، بىرىنچىدىن، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش لازىم. بۇنىڭدا ماركسىزم نەزەرىيىسىنى

ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىزمغا بولغان
ئېتىقادىنى ئۈزلۈكسىز چىڭىتىپ، كەسپىي يېتەكچى ئىدىيىنى
توغرىلاش، كەسپىي سەۋىيىنى ئۆستۈرۈش لازىم. خىزمەت
ئورنىدىن ئايرىپ تەربىيىلەش بىلەن خىزمەت ئورنىدا
ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاكتىپ ھالدا جاپاغا چىداپ
ئۆگىنىدىغان ياخشى كەيپىياتنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈش
لازىم. ئىككىنچىدىن، ئەمەلىيەت جەريانىدا قابىلىيىتىنى
ئاشۇرۇش كېرەك. بۇنىڭدا بىر تۈركۈم ئوتتۇرا ياش ۋە
ياش كادىرلارنى پىلانلىق تەربىيىلەش، ئۇلارنى ئاساسىي
قاتلامغا بېرىپ ۋەزىپە ئۆتەپ چېنىقىشقا ئۇيۇشتۇرۇش
كېرەك. ئۈچىنچىدىن، زاپاس كادىرلارنى سىناپ تەكشۈرۈش،
تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەش لازىم. ئەمەلىيەت جەريانىدا بىر تۈركۈم مۇنەۋ-
ۋەر ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك ئوتتۇرا ياش ۋە
ياش كادىرلارنى بايقاپ ۋە تاللاپ تەشۋىقات - ئىدىيە سېپ-
ىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا قويۇش كېرەك.

ئاخىرىدا، مەركىزىي كومىتېتنىڭ 1989 - يىل 7 -
نومۇرلۇق ھۆججىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە
كومىتېتىنىڭ 19- نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش
مەسىلىسىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ ئۆتىمەن. كۆپ ساندىكى
جايلارنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى بىر قەدەر ياخشى بولغان بولسىمۇ،
بەزى جايلار تېخى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرمىدى. بۇنداق قىلماس-
لىق كېرەك. بۇ جايلاردىكى پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ مەر-
كىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى

(ئاخىرى مۇندەرىجىنىڭ 2- بېتىدە)

# ئاپتونوم رايونلۇق تەتقىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

فېڭ داجېن

1992 - يىل 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

يولداشلار:

بۇ قېتىمقى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلىۋاتقان تەتقىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ ۋەزىپىسى، ئاساسەن مەملىكەتلىك تەتقىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 3 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھى بويىچە 1991 - يىللىق تەتقىقات خىزمىتىنى يەكۈنلەش، 1992 - يىللىق تەتقىقات خىزمىتى ۋەزىپىسىنى تەقسىم قىلىش، ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. تۆۋەندە مەن ئۆتكەن يىلقى تەتقىقات خىزمىتىدىكى نەتىجىلەر ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، بۇ يىلقى تەتقىقات خىزمىتى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر ھەققىدە بىر نەچچە پىكىرىمنى سۆزلەپ ئۆتىمەن.

## بىرىنچى، ئۆتكەن يىلقى تەتقىقات خىزمىتىدىكى ئاساسلىق نەتىجىلەر ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئۆتكەن يىلى خەلقئارا ۋەزىيەتتە جىددىي ئۆزگىرىش

ۋە قاتتىق داۋالغۇش بولغان بىر يىل، بىز تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەربىيەسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، 8-بەش يىللىق پىلان ۋە 10 يىللىق ئومۇمىي پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالغان بىر يىل بولدى. مۇرەككەپ، ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات بۆلۈملىرى ۋە تەشۋىقات سىستېمىسىدىكى تارماقلار مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننىڭ يېتەكچىلىكىدە، قەتئىي توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى چوڭقۇر، پۇختا خىزمەت بىلەن تىرىشىپ بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزم، سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق ئىدېئولوگىيە ساھەسىنى ۋە تەشۋىقات، مەدەنىيەت بازىلىرىنى ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى چۆرىدەپ، نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، خېلى ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

1. خەلقئارا ۋەزىيەت تەربىيەسى ۋاقتىدا، چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلدى

ئۆتكەن بىر يىل خەلقئارا ۋەزىيەتتە جىددىي ئۆزگىرىش بولغان بىر يىل بولدى، يىلىنىڭ بېشىدىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشى، يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە ئوخشاش

يولىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. داۋالغۇپ تۇرغان ئۆزگىرىشچان خەلقئارا ۋەزىيەتكە قارىتا، بىز زور كۈچ سەرپ قىلىپ خەلقئارا ۋەزىيەت تەربىيىسىنى تۇتتۇق. 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى پارس قولتۇقى ئۇرۇشى پارتلىدى، 20 - كۈنى بىز «پارس قولتۇقى ۋەزىيىتى توغرىسىدا تەشۋىقات تېزىسى» نى بېسىپ تارقىتىپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى بۇ ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرىنى، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ قاتتىق ۋە ھەققانىي مەيدانىنى ھەمدە بۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىمىزنى ۋاقتىدا چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدۇق، بۇ تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى. 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، بىز مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، «شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ ساۋىقى» دېگەن ماتېرىيالنى ناھىيە، تۈمەن دەرىجىلىكلەرگىچە تارقىتىلىدىغان ھۆججەت سۈپىتىدە تۆۋەنگە تارقاتتۇق، بۇنىڭ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ شەرقىي ياۋروپانىڭ ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىشتە ناھايىتى زور ياردىمى بولدى. 8 - ئايدا، بىز جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ يىغىنلىرىنى ئېچىپ، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆزگىرىشنىڭ تېزلىشىپ كەتكەنلىك ئۇچۇرىنى ئۇقتۇردۇق ھەمدە تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلە-

سىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات تارماق-
لىرىنىڭ ئېگىزىنى سەگەك تۇتۇپ، تەشۋىقات خىزمىتىدە تەشەب-
بۇسكارلىقنى ئىگىلىشىگە ياردەم بەردۇق. سوۋېت ئىتتى-
پاقىدا «19- ئاۋغۇست» ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن،
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھەر قايسى ۋىلايەت،
ئوبلاست، نازارەت، ئىدارىلەر پارتكوملىرىنىڭ بىرىنچى
قول باشلىقلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى
تەربىيىنى ئاۋۋال پارتىيە ئىچىدە، ئاندىن پارتىيە سىرتىدا
پائال تۈردە سالماقلىق بىلەن قانات يايدۇردى. بۆلۈمىمىز
نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەتكە دائىر ئىچكى تەشۋىق -
تەربىيە ماتېرىيالىنى ۋاقتىدا تۈزۈپ چىقىپ، خەنزۇچە،
ئۇيغۇرچە، قازاقچە يېزىقلاردا بېسىپ پۈتۈن شىنجاڭغا تارقاتتى،
بۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇش، روھىنى ئۇرغۇتۇش،
جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئېتىقادىنى چىڭىتىشتا بىر
قەدەر ياخشى رول ئوينىدى. بىز يەنە 9- ئاينىڭ باشلىرىدا،
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىغا «سوۋېت
ئىتتىپاقىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدىيىو-
لوگىيە ساھەسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە بىزنىڭ تەدبى-
رىمىز» دېگەن دوكلاتىمىزنى تاپشۇرۇپ، ئىچكى جەھەت
بىلەن سىرتنى پەرقلەندۈرۈش، ئىچكى جەھەتتە چىڭ،
سىرتقا قاراتا بوش بولۇش پرىنسىپى ئاستىدا ئىدىيىولو -
گىيە ساھەسىدە تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش
خىزمىتىنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا بىر
قەدەر سىستېمىلىق پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئومۇمەن
قارىغاندا، بىزنىڭ ۋەزىيەت تەربىيەسى خىزمىتىمىز پائال،

تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈنۈملۈك ئىشلىنىپ، كىشىلەر كۆڭلىنى تىندۇرۇشتا مۇھىم رول ئويناپ، سوۋېت ئىتتىپاقى جىددىي ئۆزگىرىۋاتقان، داۋالغۇپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىم-لىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوملارنىڭ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

2. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيەسى ۋە لۇشيەنى ئارقىلىق ئىدىيە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى

ۋەزىيەت تەربىيەسىنى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىزم نەزەرىيەسى ئۆگىنىشىنى ۋە ئىدىيەۋى تەربىيەنى چىڭ تۇتتۇق. شەرقىي ياۋروپا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى-دىكى جىددىي ئۆزگىرىشنىڭ، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكى-تىنىڭ تۆۋەن دولقۇنغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ بىر قىسىم كادىر ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيەسىنى گاڭگىرىتىپ قويغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئالدىنقى يېرىم يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز-دىكى كەڭ كادىرلار ئارىسىدا «سوتسىيالىزمغا دائىر بەزى مەسىلىلەرنى ئۆگىنىش تېزىسى»نى ئۆگىنىشنى قانات ياي-دۇردۇق، كېيىنكى يېرىم يىلدا باش شۇجى جياڭ زېمىن-نىڭ «1- ئىيۇل» دا قىلغان سۆزىنى نۇقتىلىق ئۆگىنىپ، ئىلمىي سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردۇق، مۇتلەق كۆپ ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە سوتسىيالىزم مەسىلىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە بۇ مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ ئالاھىدە رېئال ئەھمىيەتكە ۋە ناھايىتى

كۈچلۈك قاراتمىلىقا ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى،
بۇنىڭ بىلەن ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقى بىر قەدەر كۈچىيىپ،
ئۆگىنىش قىزغىنلىقى بىر قەدەر يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، نەزە-
رىيە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشتە يېقىنقى يىللاردىن
بۇيان كەم كۆرۈلىدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.
ئۆگىنىشكە ماسلاشتۇرۇپ، بىز يەنە دېموكراتىك سوتسىيا-
لىزم مەسىلىسى مۇھاكىمە يىغىنىنى ئېچىپ، «ئىلمىي
سوتسىيالىزم بىلەن دېموكراتىك سوتسىيالىزمنىڭ پرىنسى-
پلىق چەك-چېگراسىنى ئايرىش» دېگەن كىتابچىنى
باستۇردۇق. «جۇڭگودىكى كىشىلىك هوقۇقى ئەھۋالى»
ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بىز
اقتىدا سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ ھەمدە«شىنجاڭ گېزىتى»دە
مەخسۇس بەت ئېچىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنى
دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، كىشىلىك هوقۇقى مەسىلىسىگە
ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراشقا يېتەكلىدۇق.
يۇقىرىقى ئۆگىنىشلەر ئارقىلىق، كەڭ كادىرلار ۋە پارتىيە
ئەزالىرى سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى ئېلىشى
تارىخىي چوڭ يۈزلىنىش، سوتسىيالىزم ئۇزاق، مۇرەككەپ،
ئەگرى-توقاي تارىخىي جەريان، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم
يولىدا مېڭىشى تارىخىي مۇقەررەرلىك، پارتىيە رەھبەرلىكى-
نى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكى
قاتارلىق بىرقاتار نەزەرىيە مەسىلىلىرىدە تونۇشىنى ئۆس-
تۈرۈپ، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ ئىشەنچىنى چىڭىتتى.
كۆپچىلىكنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك: خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانداق
ئۆزگىرىش بولسۇن، ئالغا بېسىش يولىدا قانچىلىك جاپا-

مۇشەققەت، ئوسالغۇلار بولسۇن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چوقۇم پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى رەھبەرلىك قىلىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرالايدۇ، دەپ تونۇدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە، كارخانىلاردىكى «ئىككى ئاساسىي» تەربىيە، پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان «ئۈچ ئاساسىي» تەربىيە، شەھەر - يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى ئۆگىنىش ۋە ئىدىيىۋى تەربىيە تۇتۇلۇپ، كەڭ كادىرلارغا، ئاممىغا بىر قەدەر ياخشى ئىدىيىۋى ئاساس سېلىنغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى جىددىي ئۆزگىرىش پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدا چوڭ تەۋرىنىش پەيدا قىلالمىدى، ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇش بىلەن چۆچۈپ كېتىدىغان ئەھۋال بولمىدى، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئىدىيىسى مۇقىم بولدى، شەھەر - يېزىلاردا جەمئىيەت تىنچ بولدى، ماركسىزم - لېنىنىزم ھەقىقىتى ۋە ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنىڭ غايەت زور كۈچ - قۇدرىتى تولۇق نامايان قىلىندى.

3. «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنى تەنقىد قىلىشنى ئاچقۇچ قىلىپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، تارىخ قارىشى توغرىسىدىكى ئىجابىي تەربىيە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلدى

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيان، بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشى توختىغىنى يوق، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلقئارا چوڭ

مۇھىت ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى كىچىك مۇھىتنىڭ تەسىرىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈن-چى كۈچلەر ئاغدۇرمىچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى تېزلەتتى، «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنىڭ قەپەزدىن چىقىشى دەل مۇشۇ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىدىئو-لوگىيە ساھەسىدىكى گەۋدىلىك ئىپادىسى. ئۈچ كىتابتا تەرغىب قىلىنغىنى ھەرگىز ئىلمىي كۆز قاراش جەھەتتىكى ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار ئەمەس، بەلكى ئۇدۇبېيكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان پانتۈركىزىم، پانئىسلامىزىم چىكىر ئېقىمىغا ۋە مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىغا ۋەكىللىك قىلدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇشى، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشى، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشى ئۈچۈن ئاساس ياردىتىپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «ئۈچ كىتاب» مەسىلىسىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بەردى ۋە كۆڭۈل بۆلدى. بىر يىلغا يېقىن تولۇق تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق بۇلتۇر 2- ئايدا «ئۈچ كىتاب» مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھا-كىمە يىغىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىكى سىياسىي خاتالىقلارنى چوڭقۇر تەھلىل ۋە تەنقىد قىلىپ، ھەق- ناھەقنى ئېنىق ئايرىش، تونۇشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەقسىتىگە يەتتۇق. 3- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نازارەت، ئىدارە دەرىجە-لىك پارتىيىلىك كادىرلار يىغىنىنى ئېچىپ، «ئۈچ كىتاب»نى تەنقىد قىلىش توغرىسىدا سەپەرۋەر قىلدى ۋە

ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. تەشۋىقات بۆلۈمى ئاپتو-
نوم رايوندىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ئۈچ كىتابنى تەن-
قىد قىلىپ سۆزلىگەن سۆزلىرىنى ۋاقتىدا توپلام قىلىپ
ئىشلەپ، پۈتۈن شىنجاڭغا بېسىپ تارقاتتى، شۇنداقلا «شىن-
جاڭنىڭ سىياسىي تارىخىغا دائىر زور مەسىلىلەرنى توغرا
تونۇيلى» دېگەن ئامىباپ ماتېرىيالنى تۈزگۈزدى. 4-ئاينىڭ
ئوتتۇرلىرىدا، بىز ئاپتونوم رايونلۇق نازارەت،
ئىدارە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار ئۈچۈن سەككىز
مەيدان تەنقىد دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇردۇق ھەمدە بۇ
ئۈنئالغۇ لېنتىسىدىن 1000 نى كۆپەيتىپ پۈتۈن شىنجاڭغا
تارقاتتۇق. ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادې-
مىيەسىنىڭ 17 نەپەر مۇتەخەسسىس ۋە ئالىمى تەكلىپ بىلەن
50 نەچچە ئورۇنغا بېرىپ 85 مەيدان دوكلات بەردى،
ئاڭلىغۇچىلار 40 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا، «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە بىر قىسىم نەزەرىيە
ژۇرناللىرىدا بىرتۈركۈم تەنقىد ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى.
6- ئايدا، ئاپتونوم رايوننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتكەن
«ئۈچ كىتاب»نى تەنقىد قىلىش دوكلات ئۆمىكى جايلاردا
ئايلىنىپ يۈرۈپ، 38 مەيدان دوكلات قىلدى، ئاڭلىغۇچىلار
40 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېقىنلاشتى. ھەر قايسى ۋىلايەت،
ئوبلاست، شەھەر ۋە نازارەت، ئىدارە، ئالىي مەكتەپلەر بۇ
قېتىمقى تەربىيە پائالىيىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ،
تەنقىد - تەربىيىنى تەشكىللىك، نۇقتىلىق ھالدا قاتلاملار
بويىچە ئارقا-ئارقىدىن قانات يايدۇردى. بىر يىل جاپالىق
ۋە ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، «ئۈچ كىتاب»

ـەلىمى ماتېرىيال قىلىنغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارغا ئېلىپ بېرىلغان ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، تارىخ قاراش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش تەربىيىسى پائالىيىتى زور ئىلگىرىلەش ۋە ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشىپ ناھايىتى ياخشى نەتىجە قازاندى. ئۇزاقتىن بۇيان بىر قىسىم كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك دەيدىغان تونۇش ئۆستۈرۈلدى، كۆپچىلىكنىڭ ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق مىللىي مەسىلىگە قاراش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ئۆستى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ تارىخىغا دائىر بىلىملەرمۇ ئومۇملاشتۇرۇلدى، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئۇيۇشقاق كۈچى ئاشۇرۇلدى. ھەر قايسى جايلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «ئۈچ كىتاب»نى تەنقىد قىلىشنى تۇتۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگدى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتتى، بۇ شىنجاڭنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئۇزاققىچە خاتىرجەم بولۇشىدا زور ھەم چوڭقۇر تەسىر قوزغايدۇ دەپ ئىنكاس قىلىشتى.

4. پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەشۋىق قىلىش ـ خاتىرىلەش پائالىيىتى داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلدى

ئۆتكەن يىل پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدا تەنتەنىلىك قىزغىن ھەم خىلمۇخىل تەشۋىقات-خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇشنى ئاساسىي تېما قىلىپ، 1- ئىيۇلنىڭ ئالدى- كەينىدە پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭ تىپتىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى، بىر تۈركۈم ئىلغار پارتىيە تەشكىلاتلىرى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خادىملىرى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرى تەقدىرلەندى، «پارلاق مۇساپە- جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارىخى رەسىملىك كۆرگەزمىسى»ئۇيۇشتۇرۇلدى، پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەيدىغان چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات-سەنئەت كېچىلىكى-«تىيانشان ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ ئانىغا بېغىشلىغان ناخشىسى» ئۆتكۈزۈلدى، پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدا يېتىشتۈرۈپ چىققان بىرىنچى ئەۋلاد ئۇچقۇچىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «كۆكتىكى ئۇرۇق»دېگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەندى، شىنجاڭ تارىخىدا مىللەتلەرنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «شې يۈ» دېگەن دىراما ئوينالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جايلار، ئورۇنلار 1- ئىيۇلنىڭ ئالدى- كەينىدە ئاممىۋى خاراكتېرلىك، مول تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى، مەسىلەن، پارتىيىگە دائىر

بىلىملەردىن جاۋاب بېرىش مۇسابىقىسى، پارتىيە تارىخىنى ئەسلەپ ئەنئەنە ئۆگىنىش دوكلات يىغىنى، پارتىيىگە كىرگەندىكى قەسەمنى قايتىدىن ئەسلەپ تىرىشىپ لاياقەتلىك پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۆھبەت يىغىنى، مىڭلىغان كىشى قاتناشقان پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى مەدھىيىلەيدىغان ئومۇمىي خور مۇسابىقىسى، شەھەر، يېزىلاردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇنلىرى، تەنتەربىيە مۇسابىقىسى قاتارلىقلار، يەنە پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىدىن هال سوراش، «مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان كومپارتىيە ئەزاسى» دەپ نام بېرىش، «يېڭى دەۋر ئېچىش»، «ھەل قىلغۇچ جەڭ»، «جياۋيۈلۇ»، «جۇئېنلەي» قاتارلىق ئۇلۇغۋار فىلىملارنى كۆرۈشكە ۋە ئۇلار توغرىلىق سۆھبەتكە ئويۇشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەسپىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى بىر قېتىملىق ئەمەلىي كۆرەك، ئۇ پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەشۋىقات، ئىدىيە سېپىدە بارلىققا كەلگەن جانلىق، تېتىك ۋەزىيەتنىڭ كونكرېت ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى بولۇپ، كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ناھايىتى ياخشى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈم هاسىل قىلدى. بىز بۇنىڭدىن شۇنى هېس قىلدۇقكى، تەشۋىقات خىزمىتىدە چوقۇم ئاممىنى كەڭ كۆلەمدە جەلپ قىلىش، بىۋاسىتە قاتنىشىشتۇرۇش، تېخىمۇ كۆپ شەكىللەر ئارقىلىق تەشۋىق ـ تەربىيە پائالى-يىتىگە تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى جەلپ قىلىش كېرەك. قاتناشقان كىشى قانچە كۆپ بولسا، تەربىيە دائىرىسى

شۇنچە كەڭ بولىدۇ، قاتناشقان قېتىم سانى قانچە كۆپ بولسا، تەربىيە ئېلىش دەرىجىسى شۇنچە چوڭقۇر بولىدۇ. بۇ بىز ئېسىمىزدە ساقلاشقا تېگىشلىك مۇھىم تەجرىبە.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆت تەرەپتىن باشقا، 1991- يىللىق تاشقى تەشۋىقات خىزمىتى، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتى، سېرىق نەرسىلەرنى تازىلاش ۋە قانۇنسىز نەشرىيات بۇيۇملىرىغا زەربە بېرىش خىزمىتى، ئاساسىي قاتلاملاردىكى ئىدىيىۋى- سىياسىي خىزمەت، شەھەر- يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تەشۋىقات- مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشى ۋە «ياچېيكا تۇرمۇشى»، «شىنجاڭ تەشۋىقاتى»نى ياخشى چىقىرىش خىزمەتلىرىدىمۇ يېڭى ئىلگىرىلەشلەر ۋە يېڭى نەتىجىلەر كۆرۈلدى.

ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆتكەن يىلدىكى تەشۋىقات خىزمىتىدە ماركسىزم- لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇلدى، سوتسىيالىستىك سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاق- لىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇلدى، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ۋە مىللىي بۆلگۈن- چىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە چىڭ تۇرۇلدى، بىر قەدەر كۈچلۈك تەشەببۇسكارلىق، قاراتمىلىق، ئىدىيىۋىلىك ۋە ئاممىۋىلىق ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي

تەرەققىياتى ئۈچۈن ئوبدان ئىدىيىۋى - سىياسىي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىلدى. ئەلۋەتتە، نەتىجىلەرنى ئەينەن مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئېرىشكەن نەتىجىلەرنى ئالدىمىزدىكى ۋەزىپىلەرگە سېلىشتۇرساق، بۇ يەنىلا پەقەت دەسلەپكى نەتىجە، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار يەنىلا ناھايىتى كۆپ؛ تەشۋىقات تارماقلىرىدا مەيلى ئىدىيىۋى ئىستىل ۋە خىزمەت ئىستىلى جەھەتتە بولسۇن، ياكى قوشۇن قۇرۇلۇشى جەھەتتە بولسۇن، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر مۇنچە مەسىلىلەر بار، يېڭى بىر يىلدا ھەسسىلەپ تىرىشىپ، ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەل قىلىپ، تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

**ئىككىنچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، بۇ يىللىق تۈرلۈك تەشۋىقات خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەش .**

1992 - يىل ئاپتونوم رايونىمىز ئىككىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشان ۋە 8 - بەش يىللىق پىلاننى يولغا قويىدىغان ئاچقۇچلۇق ئىككىنچى يىل، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە يېڭى قەدەم تاشلىنىدىغان بىر يىل، شۇنداقلا پۇرسەت ۋە زور ئۈمىدكە تولغان بىر يىل. بۇ بىر يىلدا، بىز تەشۋىقات، ئىدىيىۋى خىزمەتتە مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان خەلقئارا ۋەزىيەتنى چوقۇم توغرا ئىگىلەپ، مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسىي مۇقىملىق ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقتىن

ئىبارەت پايدىلىق شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي ۋەزىپىنى زىچ دەۋر قىلغان ھالدا قانات يايدۇرۇشىمىز كېرەك. تۈرلۈك تەشۋىقات خىزمەتلىرىدە ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق، غەيرەتكە كېلىپ ۋە ئىجابىي تەشۋىقات ئاساس قىلىنغان فاڭجېندا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق 4- نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 3- ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ يولداش جياڭ زېمىن يادرو- لۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئىشەنچىمىزنى چىڭىتىپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، جاپا- مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئەلا نەتىجىلىرى ئارقىلىق پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 14- قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىشىمىز كېرەك.

بۇ يىللىق تەشۋىقات خىزمىتى توغرىسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى مەملىكەتلىك تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ مۇھىم نۇقتىدا مەركەز ئۆتكەن يىلى چاقىرغان مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنى ۋە 13- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 8-

ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى بىر قەدەر ياخشى گەۋدىلەندۈرۈلدى، بۇ يىلنىڭ بېشىدا ئېچىلغان مەركىزىي مەللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى گەۋدىلەندۈرۈلدى، شۇنداقلا ئەمدىلا يېپىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 4- نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 3- ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھى گەۋدىلەندۈرۈلدى، ھەممە جايلاردىكى تەشۋىقات تارماقلىرىنىڭ پىكرى كىرگۈزۈلدى. كۆپچىلىكنىڭ ئۆز يېرى ۋە ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، بۇ يىللىق تەشۋىقات خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

تۆۋەندە مەن بىر قانچە مەسىلىنى قوشۇمچە قىلىپ ئۆتىمەن.

1. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش — پارتىيىمىزنىڭ پۈتكۈل سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تۈپ ۋەزىپىسى، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ يېڭىلمەس ئورۇنغا ئىگە قىلىش-قىلالماسلىق، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش - قىلدۇرالماسلىق، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈش - يۈكسەلدۈرەل-

ئەسلىكىمىزگە باغلىماق. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش ھەم كۈرەش جەريانى، ھەم سۆز بىلەن قايىل قىلىش تەربىيىسى جەريانى، لېكىن سوتسىيالىزمغا ئىشەنمەيدىغان كىشىلەرنى ئاخىرقى ھېسابتا قايىل قىلىشتا، ئۆزىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىمىز. ئەگەر بىز مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئىچىدە ھاللىق سەۋىيىگە يەتسەك، ئۇ ھالدا ئۇلارنى سەل سەگەكلەشتۈرە-لەيمىز، كېلەركى ئەسىردە دۆلىتىمىزنى ئوتتۇرا ھال تەرەققىي تاپقان سەۋىيىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقالىساق، ئۇلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قايىل قىلالايمىز، ئۇلار ئارىسىدىكى زور كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ئاندىن ھەقىقىي تونۇپ يېتىدۇ» دەپ ياخشى ئېيتقان. نۆۋەتتىكى جىددىي خەلقئارا ۋەزىيەتتە، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنغان مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشلارنى ياخشى بېجىرىش ھەم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋە ئورتاق ئارزۇسىغا ئۇيغۇن، ھەم دۈشمەننىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستىنى تارمار قىلىشنىڭ ۋە خەلقئارادا سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەشنىڭ ئاچقۇچى، بۇ پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى. شۇڭا، تەشۋىقات خىزمىتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى دەۋر قىلىشى، مۇشۇ مەركەزگە بويسۇنۇشى ھەمدە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، ئۇنىڭدىن چەتنىمەسلىكى ۋە ئۇنىڭغا كاشىلا

قىلماسلىقى كېرەك. بۇ يىل 8 - بەشيىللىق پىلان ۋە 10 يىللىق ئۇمۇمىي پىلان يولغا قويۇلىدىغان ئىككىنچى يىل. يولداش سۇڭ خەنلياڭ ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 3 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا قىلغان دوكلاتىدا مۇنداق دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى:

بۇ يىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادىي خىزمەتتە ئالتە مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. بۇ ئالتە مۇھىم نۇقتا مۇنۇلاردىن ئىبارەت: مەۋقەنى چوڭ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن 15 - يىلمۇ مول ھوسۇل ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە قارىتىشىمىز لازىم؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنى ياخشىلاشتا چوڭ قەدەم تاشلاش لازىم؛ يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان يېزىلاردىكى 2-، 3- كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشتا يۇقىرى ئاتلىنىش نۇقتىسى ئاساسىدا يېڭى قەدەم تاشلاش لازىم؛ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان سودا ۋە ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش لازىم؛ نېفىتنى كەڭ دائىرىدە ئېچىشقا تايىنىپ، يەرلىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە يېڭى يۈكسىلىش ھاسىل قىلىش لازىم؛ ئوبوروت خىزمىتىدە چوڭ نەتىجە ھاسىل قىلىش لازىم. مەركەزنىڭ 7 -، 8 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ياخشى

١

تەشۋىق قىلىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان بۇ يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتتىكى ئالتە مۇھىم نۇقتىنى دەۋر قىلغان ھالدا كۆپ خىل تەشۋىقات ۋاسىتىسى ئارقىلىق كۆپ خىل تەشۋىقات شەكلىنى قوللىنىپ، جان - دىل بىلەن ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش كەيپىياتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى يولغا قويۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئىزىغا سېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ياردەم قىلىپ، كەڭ جامائەت پىكرى توپلاپ تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى باش فاكتور، ئىسلاھات ئېلىپ بارمىغاندا تەرەققىي قىلغىلى بولمايدۇ، ئىشىكنى ئېچىۋەتمىگەندە تەرەققىي قىلىش تەسكە توختايدۇ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بولمىغان بولسا، بىزنىڭ بۈگۈنكىدەك چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىمىز بولمىغان بولاتتى. بىزنىڭ دېڭىز ياقىسى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تەرەققىياتى بىلەن بولغان پەرقىمىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش پەرقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئەگەر بىز

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە يېڭى قەدەم تاشلىيالمىساق، دېڭىز ياقىسى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان پەرقىمىز بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىدۇ - دە، تەرەققىياتتا ئارقىدا قېلىش ئەھۋالىدىن قۇتۇلۇشىمىز تەسكە توختايدۇ. شۇڭا، تەشۋىقات تارماقلىرى ۋە تەشۋىقات كادىرلىرى نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ بۇ يېڭى تەرەققىياتىنى تولۇق تونۇپ يېتىشى ھەمدە ئۇنىڭغا يېقىندىن ئەگىشىشى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش تەشۋىقاتىنى دەل ۋاقتىدا گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشى، تولۇپ- تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىشى، سالماقىنى ئاشۇرۇپ، ئۈنۈمگە دىققەت قىلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي خىزمىتى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش جەھەتتە ماھىيەت خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈپ، چوڭ بۆسۈش ھاسىل قىلىشى كېرەك. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئاپتونوم رايونىمىز بىر تۈركۈم دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنى ۋە سودا كارخانىلىرىنى تاللاپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ھوقۇقى، مەھسۇلات باھاسىنى بېكىتىش ھوقۇقى، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ھوقۇقى، ئىچكى قىسىمدا تەقسىم قىلىش ھوقۇقى. ئىشچى ئىشلىتىش ھوقۇقىدىن ئىبارەت «بەش ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش» ۋە تىجارەتنى قويۇۋېتىش، باھانى قويۇۋېتىش، ئىشچى

ئىشلىتىشىنى قويۇۋېتىش، تەقسىماتنى قويۇۋېتىشتىن ئىبارەت تۆت قويۇۋېتىشتە «نۇقتىلىق سىناق» خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشنى كېيىنكى يېرىم يىلدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەڭ قەدەمدە قانات يايدۇرۇشنى؛ قازاقىستان قاتارلىق جايلاردا ئىككى ماگىزىن، بىر سودا كوچىسى ۋە بىر ئالىي مېھمانخانا قۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەللەرگە قارىتىلغان سودا ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقىدىمۇ يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى قارار قىلدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىكى بۇ چوڭ - چوڭ تەدبىرلەرنى، ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى بىزنىڭ تەشۋىقات كادىرلىرىمىز، ئىدىيە، مەدەنىيەت تارماقلىرىدا ئىشلەۋاتقان كادىرلىرىمىز ئۆگىنىشى، تەتقىق قىلىشى، ئۇنى پىششىق بىلىشى كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەردە كادىرلار ۋە ئاممىدا قانداق ئوي-پىكىر ۋە نارازىلىقلارنىڭ بارلىقىنى تەكشۈرۈپ - تەھلىل قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا تەشۋىقات خىزمىتى قاراتمىلىققا ئىگە بولۇپ، ئامما تېخىمۇ ئاسان چۈشىنەلەيدۇ ۋە قوبۇل قىلالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاممىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغايدۇ. ھازىر بىزدىكى ئىقتىسادىي تەشۋىقاتنىڭ سانىنى ئاز دېگىلى بولمايدۇ، ئاچقۇچ ئۇنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقنىڭ قۇلىقىغا خۇش ياقىدىغان، ئىقتىسادىي خىزمەتنى تېخىمۇ ئوبدان ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىيالايدىغان قىلىشتا، بۇ جەھەتتە يەنىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

2 . تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەربىيىسىنى داۋاملىق چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە ئائىت تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىغا قارىتا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدىكى تەشۋىق-تەربىيىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش كېرەك. يېقىنقى يىللاردا يۈز بەرگەن شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى نەتىجىسىدە خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى تۆۋەن دولقۇنغا چۈشۈپ قالدى، غەرب-تىكى دۈشمەن كۈچلەر تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنىڭ ئاساسىي تىغ ئۇچىنى جۇڭگوغا توغرىلىماقتا. بىر مۇنچە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ھوقۇقنى قولدىن بېرىپ قويغان، دۆلەتنى تارتقۇزۇپ قويغان دولقۇندا سوتسىيالىستىك جۇڭگو تاغدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەبلەر، دەرۋەقە، ناھايىتى كۆپ، ئەمما مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، بىز «تۆت ئاساسىي پرىنسىپ» تىن بەرپا قىلىنغان، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنى توسايدىغان پولات ئىستىھكامغا ئىگە. سوتسىيالىزم يولى، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى، كومپارتىيە رەھبەرلىكى، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئىبارەت بۇ تۆتنى ئەجدادلىرىمىز نەچچە 10 مىليون كىشىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە قولغا كەلتۈرگەن، ئۇ ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان قىممەتلىك مىراس. نۆۋەتتە، خەلقارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتقىنى بىزدىكى مۇشۇ تۆت

پرىنسىپ، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشتە ئۆزگەرتىۋەتمەكچى بولغىنىمۇ
مۇشۇ تۈپ پرىنسىپ. بۇ خەلقئارا دائىرىدىكى سىنىپىي كۈرەش،
كۈرەشنىڭ مەزمۇنى ۋە ماھىيىتى تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا
چىڭ تۇرۇش ياكى ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت.
شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە تەشۋىقات
تارماقلىرى چوقۇم سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمدىن
ئىبارەت ئىككى خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئىككى خىل
ئىدېئولوگىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش يۈكسەكلىكىدە
تۇرۇپ، تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنىڭ
مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇشى كېرەك. تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا
چىڭ تۇرۇش تەشۋىق - تەربىيىسىنى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە
تاقابىل تۇرۇش كۈرىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈشى لازىم.
پارتىيىنىڭ يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك رەھبەرىي
كادىرلىرى ۋە تەشۋىقات كادىرلىرى غەرپتىكى دۈشمەن
كۈچلەرنىڭ جۇڭگونى كاپىتالىزمغا قاراپ تىنچ
ئۆزگەرتىۋېتىش غەرىزىگە نىسبەتەن چوقۇم مۇجەمەللىك
قىلماي، مېڭىسىنى سەگەك تۇتۇشى لازىم. كەڭ ئاممىغا
قارىتا ئاساسلىقى تۈپ ئاساسىي پرىنسىپ ھەققىدە ئىجابىي
تەربىيە ئېلىپ بېرىش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى
ھەققىدە ئىجابىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك،
كوللېكتىپچىلىق ۋە سوتسىيالىزم ھەققىدە ئىجابىي تەربىيە
ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ تەربىيىلەرنى ياخشى ئېلىپ
بارغاندا، تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ۋە تىنچ
ئۆزگەرتىۋېتىشكە تاقابىل تۇرۇش ئىشىنى تېخىمۇ كەڭ
ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەربىيىسىنى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىۋى ئېقىمىنى تەنقىد قىلىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىۋى ئېقىمىنى تەنقىد قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشقۇچى كۈچ ھېسابلىنىدۇ، دېموكراتىك سوتسىيالىزم سوتسىيالىزمدىن كاپىتالىزمغا ئۆتۈشتىكى كۆۋرۈك، بۇ ئىككىسى ماھىيەت جەھەتتە بىر نەرسە بولۇپ، ھەر ئىككىسى ماركسىزمنىڭ كۈشەندىسى. ئۇلار تەرغىب قىلغان ئابستراكىت ئادەمگەرچىلىك، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ۋە ئىنسانىيەتنىڭ قىممىتى دېگەنگە ئوخشاشلار، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ زىيىنى كومپارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتقا قارىغاندا تېخىمۇ زور بولىدۇ. «ئىستىھكامنى ئىچىدىن بۇزۇش ھەممىدىن ئاسان». تاكى بۈگۈنگە كەلگىچە دېموكراتىك سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان بىرمۇ سوتسىيالىستىك دۆلەت بولغىنى يوق. ئۇنىڭ ئەكسىچە، تارىختىكى پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، دېموكراتىك سوتسىيالىزمنى يولغا قويۇشنىڭ نەتىجىسى شۇكى، ئەسلىدىكى قۇدرەتلىك دۆلەتمۇ ئۆزگەرتىۋېتىلگەندىن كېيىن غەربنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ماتېرىيالنى تولۇق ئىگىلىگەن ئاساستا، ماقالە يېزىش، مۇھاكىمە يىغىنلىرى، دوكلات يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنى

داۋاملىق چوڭقۇر تەنقىد قىلىپ، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى - نەزەرىيىۋى
ئاساسىنى چوڭقۇر قاتلاملاردىن تازىلىشىمىز كېرەك؛
دېموكراتىك سوتسىيالىزم پىكىر ئېقىمىنى تەنقىد
قىلىشىمىز بولۇپمۇ دېموكراتىك سوتسىيالىزم ھەققىدە
تارقالغان، كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان كۆز قاراشلار
ئۈستىدە تولۇق داۋلى سۆزلەنگەن، قايىل قىلىش كۈچىگە
ئىگە بولغان تەھلىل ۋە تەنقىدنى قانات يايدۇرۇشىمىز
كېرەك. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، كىشىلىك
ھوقۇقى قارىشىنى تەشۋىق قىلىپ بۇرژۇئازىيىنىڭ دېموكراتىيە،
ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇقى قارىشىنى تەنقىد قىلىشىمىز؛
ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق ۋە سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى
ئەخلاقنى تەشۋىق قىلىپ، شەخسىيەتچىلىك يادرو قىلىنغان
بۇرژۇئاچە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى
تەنقىد قىلىشىمىز كېرەك. ئۆگىنىش ۋە تەنقىد ئارقىلىق
كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ماركسىزمغا قارشى تۇرۇش، كاپىتالىزم
ۋە دېموكراتىك سوتسىيالىزم بىلەن بولغان چېگىنى
ئاجرىتىۋېلىشىغا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش
ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىشىگە ياردەم بېرىش كېرەك.

شىنجاڭدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشنى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. نۆۋەتتە، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىكى مۇھىم ۋاستىسى ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەردىن پايدىلىنىپ ئاغدۇرمىچىلىق،

جۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولماقتا، بۇ ھال شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتمەكتە. كۆپلىگەن تارىخىي پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى ئەزەلدىن چەت ئەل تاجاۋۇزچى كۈچلىرى قوترىتىپ كەلگەن، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئەزەلدىنلا چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا تېررىتورىيىسىنى بۆلۈۋېلىشىغا ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشقۇچى كۈچ بولۇپ كەلگەن. ئۇلار ھەم ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغانلار، ھەم ئۆز مىللىتىنى ساتقۇچىلار بولۇپ، دۆلەت ۋە مىللەت ئالدىدىكى جىنايەتكارلاردۇر. بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرىشىمىز ھەرگىز بىر قېتىم ئېلىپ بېرىش بىلەنلا بولىدى قىلغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە، جاھانگىرلار يولغا قويۇۋاتقان تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ستراتېگىيىسى ئۆزگەرمەيدىكەن، بۇ كۈرەش داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسى ئارىسىدا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىشىمىز، ئۈچ كىتاب ۋەكىللىكىدىكى پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم پىكىر ئېقىمىنى داۋاملىق تەنقىد قىلىشىمىز لازىم. ھەر مىللەت خەلقىغە دۈشمەنگە بىرلىكتە نەپرەت بىلدۈرۈپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي

قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنى قوغداش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشىمىز كېرەك.

3. مەركىزىي مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش

بۇ يىل 1 - ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن چاقىرغان مەركىزىي مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ئىنتايىن مۇھىم يىغىن بولۇپ، 90 - يىللاردا مىللەتلەر خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. يولداش جياڭ زېمىن بىلەن لى پېڭ يىغىندا قىلغان مۇھىم سۆزدە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى تەجرىبىلىرىنى ئىلمىي يەكۈنلەپ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە مۇھىملىقىنى چوڭقۇر شەرھلىدى، 90 - يىللاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىمىزنىڭ بەش چوڭ ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ بىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگراممىلىق ھۆججەت. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى — شىنجاڭنىڭ چوڭ ئىشى، سىياسىي مۇقىملىقنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ ئاچقۇچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ۋە ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى. بىز مەركىزىي مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنى روھىنى يەتكۈزۈش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئاچقۇچ قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقى ياشىسۇن دېگەن بايراقنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى خىزمىتىنى

بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ئىشىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈشىمىز كېرەك.

بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئاممىنى ئارىسىدا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىشىمىز، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۇ يىل ئاچىدىغان ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى، ئۈچىنچى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ۋە 10 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيىدىن ئىبارەت چوڭ ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۈچىنچى قېتىملىق يۇقىرى دولقۇننى ئوبدان تولۇق تەشكىللەپ، مەركىزىي مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى روھىنى ياخشى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كەڭ كادىرلار، ئاممىنى قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا قاتلاملار بويىچە، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق تەشكىللەش كېرەك. رەھبەرىي كادىرلار بىلەن پارتىيە ئەزالىرى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئۆگىنىش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە ئاساسىي تەجرىبىلەرنى ئېنىق تونۇش؛ مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكى، مۇرەككەپلىكى، مۇھىملىقىنى ئېنىق تونۇش؛ 90 - يىللاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ بەش

چوڭ ۋەزىپىسىنى ئېنىق تونۇش؛ ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مىللىي مەسىلىنى كۆزىتىش ۋە ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي كۆز قارىشىنى ئېنىق تونۇش؛ مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ئېنىق تونۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىسىنى يېڭىدىن روھى ئازادلىق بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ھەممەيلەن ئىشلەيدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قىلمىشلارغا قارشى ھەممە ئادەم كۈرەش قىلىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. شەھەر-يېزىلاردا بولۇپمۇ شەھەر ئاھالىلىرى ئىچىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىلىك ئورۇن ۋە ئىلغار شەخس يارىتىش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، تەجرىبىلەرنى مۇستەھكەملەش، خىزمەتنى ياخشىلاش، سەۋىيىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاخبارات ئورۇنلىرى، جايلار، تارماقلارنىڭ ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدا خەۋەر بېرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى كېرەك؛ نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەر ئۆگىنىشكە ماسلاشقان ھالدا يۇقىرى سۈپەتلىك بىر تۈركۈم نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى يېزىشى كېرەك؛ تەشۋىقات تارماقلىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، خىزمەتلەرنى ئاكتىپ، ئوبدان ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ ۋە ئۈچىنچى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە

تەقەدىرلەش يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشىنى كۈتۈۋېلىشى لازىم.

### 4. كادىرلارنىڭ پارتىيە تارىخى، پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسى ئۆگىنىشىنى ياخشى تەشكىللەش

مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۇلتۇر 6 - ئايدىكى ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ يىلقى كادىرلار نەزەرىيە ئۆگىنىشىنىڭ ۋەزىپىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارىخى ۋە ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت. بۇ ئۆگىنىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىشنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ زىممىسىدىكى تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستىنى تار - مار قىلىشىنىڭ ئېھتىياجى. خىزمەتتىكى كادىرلارنىڭ پارتىيە تارىخى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسى ئۆگىنىشىنى كۈچلۈك قويۇپ تەشكىللەش بۇ يىلقى تەشۋىقات خىزمىتىدىكى بىر مۇھىم ۋەزىپە.

بۇ قېتىمقى پارتىيە تارىخى، پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسى ئۆگىنىشىنىڭ مەزمۇنى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئاساسەن ماركس، ئېنگېلس، لېنىنلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرى، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» (2- نەشرى)، «دېڭشياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ مۇناسىۋەتلىك باب - پاراگرافلىرى ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ ئالاقىدار

سۆزلىرى ئۆگىنىلىدۇ. بۆلۈمىمىز مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى تارقاتقان «ئوقۇلىدىغان كىتابلار مۇندەرىجىسى»گە ئاساسەن، تەخمىنەن 580 مىڭ خەت كېلىدىغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارىخى ۋە ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىگە دائىر ھۆججەتلەر توپلىمى» دېگەن كىتابنى باستۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 70 يىلى» ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارىخى» (1 - توم)، شۇنىڭدەك مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى نەزەرىيە ئىدارىسى تۈزگەن «ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسى ئۆگىنىش پروگراممىسى» بار. ئۆگىنىش ۋاقتى تەخمىنەن 3 - ئايدىن باشلىنىپ، «14 - قۇرۇلتاي» ئېچىلغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ، ئون ئايغا يېتىدۇ. ۋاقىت ۋە دەرسلىك تەييارلىقى ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۆگىنىشكە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن بىز پارتىيە تارىخى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىنىڭ مەزمۇنىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر نەچچە مەخسۇس تېمىنى تۈزۈپ ئۆگىنىشنى پىلانلىدۇق. بۇ بىر نەچچە مەخسۇس تېمىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇنداق ئويلاشتۇق: (1) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كۈرەش تارىخى ۋە تارىخىي تۆھپىسى؛ (2) پارتىيىمىزنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى شۇنداقلا ئالاھىدىلىكى ۋە ئۈستۈنلۈكى؛ (3) جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە لۇشيەنى ئارقىلىق ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش؛ (4) ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە دۇچ كەلگەن

يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپە؛ (5) پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش؛ (6) پارتىيە رەھبەرلىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلىشى، ئورتاق گۈللىنىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. يۇقىرىدىكى ئالتە مەخسۇس تېمىنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتى تەخمىنەن بىر ئاي بولىدۇ.

بۇ قېتىمقى ئۆگىنىشتىكى ئاساسىي تەلىپىمىز: پارتىيە تارىخى، پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسى ئۆگىنىشىنى جياڭ زېمىننىڭ «1 - ئىيۇل» دىكى سۆزىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشنىڭ بىر مۇھىم قەدەم - باسقۇچى قىلىش ھەمدە ئۇنى شەرقىي ياۋروپا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى جىددىي ئۆزگىرىش تۇغرىسىدىكى خەلقئارا ۋەزىيەت تەربىيىسى، سوتسىيالىستىك تەربىيە بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش، ئۆگىنىش ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، شۇنىڭدەك تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش قاتارلىق زور مەسىلىلەردە بەزى ئاساسىي نەزەرىيىۋى كۆز قاراشلارنى ئىگىلىۋېلىش، ئىدىيىۋى تونۇشنى بىر بالداق كۆتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆگىنىشتە نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتى ۋە ئۆز جايى، ئۆز تارمىقىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈش، ئىستىل تۈزىتىش روھى بويىچە تەنقىد ۋە ئۆز- ئۆزىنى تەنقىدنى قانات

يايدۇرۇش، پارتىيىنىڭ 70 يىلدىن بۇيان بېسىپ ئۆتكەن يولى شۇنىڭدەك پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئىسلەپ ۋە يەكۈنلەپ، ئىدىيىسىنى ئاڭلىق ئۆزگەرتىپ، خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش كېرەك.

پارتىيە تارىخى، پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسى ئۆگىنىشىنىڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ھەققىدە تەشۋىقات بۆلۈمىمىز ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ.

### 5. تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

بۇيىل ئاپتونوم رايونىمىز سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە يېڭى قەدەم باسقان بىر يىل. ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىدە رەسمىي قاتناش باشلاندى، دۆلىتىمىز «1992 - يىللىق خەلقئارا دوستلۇق سەيلە-ساياھەت يىلى» ئۆتكۈزدى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ بازارلىرى ئېچىۋېتىلدى، ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىل كۈزدە ئۈرۈمچىدە چېگرا جايلار ئىقتىساد - سودا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى، بۇلار ئاپتو-نوم رايونىمىزغا تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىشنى يەنىمۇ كېڭەيتىش، سىرتنىڭ قۇرۇلۇشلىرىنى ھۆددىگە ئېلىش ۋە ئەمگەك كۈچى ئېكسپورت قىلىش، كۆپ خىل شەكىللەردە ئىقتىسادىي - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇش، پەرلىك سودا، چېگرا سودىسىنى ۋە ساياھەت ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇش جەھەتلەردە ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىمىزگە تېخىمۇ يۇقىرى يېڭى تەلەپلەرنى قويدى. تاشقى

تەشۋىقات تارماقلىرى بۇ يېڭى ۋەزىيەتكە مۇۋاپىقلىشىشنى، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي خىزمەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش، جۈملىدىن رادىئو، تېلېۋىزىيە، ئاخبارات، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ساياھەت، ئىقتىساد - سودا قاتارلىق تۈرلۈك شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

بۈلتۈر 12 - ئايدا مەركىزىي كومىتېت تاشقى تەشۋىقات گۇرۇپپىسى چاقىرغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا، شۇنىڭدەك تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن ياخشى قوشنىدارلىق خەلقئارا مۇھىت يارىتىش دېگەن توپ يېتەكچى ئىدىيىگە ئاساسەن، تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلەر ۋە غەربىي ئاسىيا رايونى بولۇشى كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى، جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقى بىزنىڭ خىزمەت ئىشلىشىمىزدىكى چوڭ ياخشى پۇرسەت. بىز پائال، تەشەببۇسكار بولۇش، ئىجابىي تەشۋىقاتنى ئاساس قىلىش، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، باشقىلارغا تاڭماسلىق فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەت خەلقلىرىگە بىزنىڭ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىمىزنى، ماركسىزمنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە

بىرلەشتۈرۈشتە، بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتىدىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئاساسىي فاڭجېن، سىياسەتتە چىڭ تۇرغانلىقىمىزنى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەت خەلقلىرى بىلەن ئەنئەنىۋى قوشنىدارلىق، دوستانە مۇناسىۋىتىمىزنى تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن تەشۋىق قىلىشىمىز كېرەك. ياخشى قوشنىدارلىق مۇھىتىنى تىرىشىپ يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشىنى كېڭەيتىشى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە بولغان تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىشتە چېتىلىدىغان تارماقلار كۆپ. بۇ خىزمەتنى ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى تەشۋىقات گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىلا ئىشلەپ قالماستىن، تاشقى ئىشلارغا ئالاقىدار بارلىق تارماقلار، چېگرا رايونلار، شۇنىڭدەك رادىئو، تېلېۋىزىيە، مەدەنىيەت، ئاخبارات، نەشرىيات قاتارلىق تارماقلارنىڭمۇ تاشقى تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇش ۋەزىپىسى بار. مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈندىلىك ئىشلار تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشىنى، مەسىلەن، قانداق پروگرامما تۈزۈش، قانداق تەشۋىقات ماتېرىيالى يېزىش، قايسى تۈرلەردە

مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلار ئۈستىدە پىلان تۈزۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز. تاشقى تەشۋىقات گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ئۇنى ماسلاشتۇرۇشى، بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، بۆلۈنۈپ ئىشلەپ، بۇ يىل تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىدە بىر يېڭى باشلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

يۇقىرىدىكى بەش نۇقتا پەقەت تۇتۇشىمىزغا تېگىشلىك بىر نەچچە مۇھىم نۇقتا بولۇپ، بۇ يىللىقى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ بارلىق ۋەزىپىسى ئەمەس. تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ سېپى ئۇزۇن، ۋەزىپىسى ئېغىر، «مۇھىم نۇقتا»غا كىرگۈزۈلگەنلىرىنىڭ بەزىلىرىنى مەن بۇ يەردە تەكرار بولۇپ قالمىسۇن دەپ تەكىتلىمىدىم. بۇ ئۇلارنى مۇھىم ئەمەس دېگەنلىك ئەمەس، كۆپچىلىكنىڭ ئۇ ئىشلارنى ئوخشاشلا ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**ئۈچىنچى، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەمەلىي تۇتۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش**

13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا باش شۇجى جياڭ زېمىن: ھەر قانداق خىزمەتنى تۇتقاندىمۇ چىڭ تۇتماسلىق تۇتمىغان بىلەن باراۋەر، تۇتقاندىمۇ ئەمەلىي تۇتماسلىق بىكار تۇتقان بىلەن باراۋەر دېگەن ئىدى. بۇ يىللىقى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ تۆت تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، ئىستىلنى ئۆزگەرتىپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ئەمەلىي تۇتۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش لازىم.

1. ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات تارماقلىرى بۇ يىللىقى خىزمەتلەرنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز،

ئىككى. ئاساسىي نۇقتىدىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننىڭ تەلىپى بويىچە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەز ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئۆز رايونى، ئۆز تارماقلىرىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم. يۇقىرىنىڭ روھىنى ماھىرلىق بىلەن ئۆز رايونى، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەتنى ئىجادچانلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئومۇمىي دائىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا تەشۋىقات، ئىدىيىۋى خىزمەتنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ يېڭى چارە، يېڭى تەجرىبىلىرى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، تەشۋىقات - ئىدىيىۋى خىزمەتنى يىلدىن يىلغا تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشى لازىم.

2. تەشۋىقات-ئىدىيىۋى خىزمەتتە، قارىماققا مەۋھۇم ئىشلار كۆپرەك، ئەمەلىي ئىشلار ئازراق كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەر بىر خىزمەتنىڭ ئۆزىگە خاس كونكرېت مەزمۇنى شۇنداقلا قوللىنىشقا تېگىشلىك مەلۇم شەكلى بار. قاتتىق قىلىپ ئېيتقاندا، تەشۋىقات ئىدىيىۋى خىزمەت قۇرۇق نەرسە ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي، قولدا تۇتقىلى بولىدىغان خىزمەت. مەسىلەن، بۈلتۈر مەركەز «بەش بىر قۇرۇلۇش» نى تۇتۇش ئارقىلىق نەزەرىيە، مەدەنىيەت، سەنئەت، ئاخبارات، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنى گۈللەندۈردى. «بەش بىر» مۇ ناھايىتى كونكرېت ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ماھىرلىق بىلەن جايلارنىڭ

ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، خىزمەتنىڭ بۆسۈش ئېغىزىنى توغرا تاللاپ، خىزمەتلەرنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، ئېنىق ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر - بىرلەپ ئەستايىدىل تۇتىدىغانلا بولساق، خىزمەتلەردە جەزمەن ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلالايمىز.

3. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، خىزمەتنى ئاساسىي قاتلاملاردا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ يىلقى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشتا، ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات بۆلۈملىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇشى، رەھبەري كادىرلار زاۋۇتلارغا، يېزىلارغا، ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشۈش، نۇقتىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈپ، «قوۋچاقاچ» ئوپېراتسىيىسى قىلىش، تىپلارنى بايقاش، يېتىشتۈرۈش ۋە يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، ئومۇملاشتۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. قاتلاممۇ - قاتلام ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىش، ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئاساسىي قاتلامنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىگە ياردەم بېرىش، مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىپ، خىزمەتلەرنى ياخشىلاش كېرەك.

ئاخىرىدا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات تارماقلىرىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. نۆۋەتتىكى ئۆزگىرىشچان خەلقئارا ۋەزىيەتتە، سىڭىپ كىرىش بىلەن سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش، ئاغدۇرمىچىلىق بىلەن ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى تۇرۇش، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە

قارشى تۇرۇش كۆرسىتىدە، ئىدېئولوگىيە سېپى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. شەرقىي ياۋروپا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلىنىپ، پارتىيىنىڭ خاراكتېرى، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بېرىپ يەتكەن. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار چوقۇم تەشۋىقات، ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت تەربىيىسى خىزمىتىگە، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشكە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات بۆلۈملىرىگە ۋەزىپە تاپشۇرۇپ يۈك ئارتىش؛ تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ بەنزىنى ياخشى سەپلەپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىش؛ ئۇلارغا ياردەملىشىپ خىراجەت، ئۈسكۈنە، ئاپتوموبىل قاتارلىق ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ بېرىش كېرەك. تەشۋىقات بۆلۈملىرىمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ھەسسىلەپ تىرىشىپ، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك!

تەرجىمە قىلغۇچىلار: شىرئەلى، ھەبىبە، تۇرنان، م ئىلاخۇن
مەسئۇل مۇھەررىرى: م. ئىلاخۇن

شىنجاڭ تەشۋىقاتى (维吾尔文) 新疆宣传

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى «شىنجاڭ تەشۋىقاتى»
تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ش ئۇ ئا ر قەرەللىك ژۇرناللارنى تىزىملىغان نومۇرى: 1232 (XJ)